2019 نويابىر -دېكابىر

ئومۇمىي 4-سان

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ختاي سېپىلى ئۆرۈلدۇ
76



ئەلىخان تۆرە ۋە ستالىن
92



يۈز يىللىق مارافون
1



2019 نويابىر -دېكابىر
ئومۇمىي 4-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەتنى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# The Uyghur Human Rights Policy Act of 2019

# مۇندەرىجە


## تارىخ ۋە بىز

شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ستالىنغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى ۋە تېنچلىق سۆھبىتى

مولىغۇللارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئىسلام دۇنياسىنى قوغداپ قالغان ئىككى ئۇيغۇر 106

12 -دېكابىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى 53

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ستراتېگىيىسى

خىتايچە قىساس ھېكايىسى 49

## ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇر تىلىغا سۆز قوبۇل قىلىش ھەققىدە 64

ئاللاھ سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى 32

## گۈلىستان

خالىدە ئىسرائىل

## مىسلىسىز ئۈيغىنىش

سىياسىي ئاكتىپلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەنقىد ۋە ھۇجۇملار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە 86

ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى 34

ئۇلىسى يازىجى 99

لاگېر سىرتىدىكى كىملەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا؟ 81















## كۆپكۈلىكى ئۇيغۇرلار

كانادا ئۇيغۇرلىرى 102

## بۈيۈك سىمالار

ئايشەم ئەخمەت 40

## ئۇيغۇرمەدەنىيىتى

تارىمدىن تاۋار 38

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

جېففېرسوننىڭ قۇرئانى 42

## ھېكمەتلەر

ئۈمىد ھەققىدە 113

## خەلقئارا ۋەزىيەت

بېرلىن تېمىغا ئوخشاش خىتاي سېپىلىم ئۆرۈلىدۇ

ئامېرىكانىڭ خوڭكوڭغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا «ئارىلىشىشى»نىڭ قانۇنىيلىقى 45




# يۈز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

مايكىل پىلزبېرى

مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دىرېكتورى.

## 5

# ئامېرىكا ـــ چوڭ شەيتان

### «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش» ـــ «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

ئۆز ۋاقتىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمەتدىكىلەر **1989** – يىلى **4** – ئىيۇن (تيەنئەنمېن ۋەقەسى قانلىق باستۇرۇلغان كۈن)نىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. ئەنە شۇ كۈندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكانى ئۆز خەلقىگە تەسۋىرلەپ بېرىش (تونۇتۇش) شەكلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. گەرچە خىتاي كومپارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا غەربنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدۇق دېگەن قاراش ئەزەلدىنلا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل قاراش ماۋ زېدوڭنىڭ «خىتاي غەرب بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىش ئۈچۈن غەربكە موھتاج» دېگەن مۆلچەرى **(1)** سەۋەبلىك ۋاقتىنچە پەسىيىپ قالغانىدى. كېيىنچە خىتايدىن يۇز ئۆرۈگۈچىلەر (ئۆز ۋاقتىدا) خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ھەقىقىي دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ مۇھاكىمە قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا جېيمىس مادىسون (**James Madison**) نىڭ ھوقۇقنى ئايرىش ئىدىيەسىنىڭمۇ تەرغىب قىلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. **2001** – يىلىغا كەلگەندە، چەتئەلگە ئېلىپ چىقىلغان خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە، خىتايدىكى قاتتىق قوللارنىڭ (**1989** – يىلى) يۇز بەرگەن ئىشلارنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنى ۋە باشقا پېشقەدەملەرنى تەشۋىشكە سېلىپ، ئۇلارنى نامايىشچىلارنى باستۇرۇشقا كۆندۈرگەنلىكى تولۇق ئاشكارىلاندى.

مەزكۇر كىتابتىكى بىر يادرولۇق نۇقتىئىينەزەر (خىتايدىكى) قاتتىق قوللارنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىنى ئامېرىكانى چوقۇم يىقىتىشقا تېگىشلىك خەتەرلىك «زومىگەر» دەپ تونۇشقا كۆندۈرگەنلىكى ھەققىدىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئىسپاتلارغا تايانغان. بۇ خىل قاراش **1989** – يىلى بازار تاپقان ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بېيجىڭ سىستېمىلىق ھالدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خىتاي خەلقىگە سەت كۆرسىتىشكە باشلىغان. خىتاينىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تاراتقۇلىرى خىتاي خەلقىگە تارقىتىۋاتقان (ئامېرىكانى قارىلايدىغان) ئۇچۇرلار بىلەن خىتاينىڭ ئۆزىنى ئامېرىكا خەلقىگە قانداق (پەردازلاپ) تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. قاتتىق قوللارنىڭ مەيدانى تولىمۇ ئېنىق. ئۇلار ئامېرىكانى خىتاي ھۆكۈمىتىنى غۇلاتماقچى بولغان «زومىگەر» دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ گېپىچە ئامېرىكا **1980** – يىللاردا ئاشۇنداق قىلىشقا (خىتاي كومپارتىيەسىنى غۇلىتىشقا) ئۇرۇنغان. خىتاي قاتتىق قوللىرى مۇشۇ خىل «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى»نى ۋە ئامېرىكاغا قارشى ئىدىيەلەرنى ياقىلايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى، يەنى خىتاي مۆتىدىللىرى ھېلىھەم ئامېرىكاغا قاتتىق مەپتۇن.

دەرۋەقە، ماۋ زېدوڭ نىكسوننى تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنكى يىللاردا، خىتاي ئاممىۋى كۇلتۇرى ۋە دۆلەت تاراتقۇلىرىدا، ئامېرىكا ئجابىي سۈپەتلەنگەنىدى. تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ قىلمىش خىتاي قاتتىق قوللىرى تەرىپىدىن خەتەرلىك خاتالىق دەپ قارالدى ۋە ئۇلار سىياسىي بيۇرودىكى رەھبەرلەرنى (ئامېرىكاغا قاراتقان سىياسەتتە) يۆنىلىش ئۆزگەرتىشكە ئاسانلا قايىل قىلدى. ئەسلىدە ئامېرىكا بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلەيتتى، لېكىن ئامېرىكا ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى ۋە خىتايشۇناسلىرى «بۇ بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچ، مىللەتچى، ئۇرۇشخۇمار ماركسىزمچىلار ۋە خىتاينىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىش غايىسى دىنوزاۋرلار يوقالغاندەك يوقالغان ھامان، بۇنداق ئىشلارمۇ ئاياغلىشىدۇ» دەپ قاراشتى.

تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى يەنە بىر گېئوپولىتىك زور ۋەقە بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا يۈز بەرگەنىدى. ماۋ زېدوڭنىڭ قاتتىق قول مارشاللىرى ئۇنىڭغا ۋۇ خاندانى (ئامېرىكا) بىلەن بىرلىشىپ، ۋېي خاندانى (سوۋېت ئىتتىپاقى)غا قارشى تۇرۇش مەسلىھەتىنى بەرگەندىن 20 يىل كېيىن، **1991**-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلدى. ئامېرىكانىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى ۋە بۇ غەلىبىلەرنىڭ سىمۋوللىرىدىن

بولغان بىرلىن تىمىنىڭ ئۆرۈلۈشى، شەرقىي ياۋروپانىڭ دېموكراتىكلىشىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلتۆكۈس پارچىلىنىشى قاتارلىقلار بىيجىڭنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ ۋەقەلەر خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئامېرىكاغا قارشى تەرسالارچە كەيپىياتىنى تەكىتلىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، تيەنئەنمېن ۋەقەسى ئامېرىكانىڭ «دۈشمەن ئارىسىغا ئىختىلاپ سېلىش» ــ بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت تاكتىلاردىن بىرىدۇر ــ ئۇچۇن قىلغان تۇنجى قېتىملىق زور ھۇجۇمى ئىدى. ئاشقۇن خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئىسلاھاتچى رەھبەر جاۋ زىياڭ ۋە ئامېرىكانىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى باشقا «گۇماشتا»لىرى تازىلانمىغان بولسا ئىدى، ئامېرىكا خىتاي كومپارتىيەسىنى غۇلىتىۋەتكەن بولاتتى. خىتايدا 1980 - يىللاردا خېلى تەسىر كۆچكە ئېرىشىپ قالغان ئامېرىكاغا مايىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ تازىلىنىشى خىتاي زىيالىيلار قاتلىمىدا ۋە تەھلىلچىلىك ساھەسىدە بوشلۇق شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە، ھوقۇقدارلار ئارىسىدا ئامېرىكاغا مايىل كىشىلەر ئازىيىپلا قالماي، كەلگۈسىدە ئامېرىكاغا مايىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ يولىمۇ ئېتىلدى. خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ بىر مەھەل (ئامېرىكا تەرىپىدىن) «ئاشقۇن مىللەتچىلىك» دەپ قارالغان سۆرەن - چۇقانلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەسمىي سىياسىي مىزانىغا ئايلاندى.

ئامېرىكانىڭ خىتايىنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، ئامېرىكانى ئىزچىل ھالدا خىتاي خەلقىنى ھالاك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن ئىبلىس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن «توقۇلما تارىخ»نى ئىجاد قىلىپ چىقتى. خىتاي رەھبەرلىرى كۆڭزىچىلىق تەلىماتى ۋە خىلمۇخىل تەرغىباتلاردىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى كۇلتۇرىدە ئامېرىكاغا قارشى ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل «ھۇجۇم»لاردىن ئۆزلىرىنىڭمۇ قاتتىق «ھەيران» بولغانلىقىنى ئامېرىكا رەھبەرلىرىگە بىلدۈرۈشتى. مەن نۇرغۇن دىپلوماتلاردىن ۋە ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىدىن مۇنداق بىر ھادىسىنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتىنى ئاڭلاپ باقتىم: ھەر قېتىم (خىتايدا) ئامېرىكاغا قارشى غەيرىي دىپلوماتىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇلارنىڭ غەرىبكە دەيدىغان گېپى «بۇ كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمەس، پەقەت بىر ئوچۇم قاتتىق قول مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. نۆۋەتتە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بىر ئەۋلاد خىتايلار ئامېرىكاغا نىسبەتەن نۇرغۇن ئامېرىكالىقلارنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق كۆز قاراشتا بولۇپ، ئۇلار «ئامېرىكا 170 يىلنىڭ ياقى خىتايىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى» دەپ قارايدۇ. خىتاي ئابراھام لىنكولىن، ۋۇدروۋ ۋىلسون ۋە فىرانكىلىن روزۋېلتقا ئوخشاش ئامېرىكا مىللىي قەھرىمانلىرىنى خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە باشقىلارنى تىزگىنلەپ خىتايىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان «رەزىل تەدبىرچىلەر» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

بۇ خىل بۇرمىلانغان تارىخىي قاراش ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى خىتاي - ئامېرىكا «ھەمكارلىقى»غا بولغان كۆز قارىشىنىڭ بۇرمىلىنىشىغا مەلۇم دەرىجىدە سەۋەب بولغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇنى (يەنى خىتاي - ئامېرىكا ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى) ئامېرىكانىڭ خىتايىنى دۇنيادىكى تېگىشلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئەھلىسەلىب يۈرۈشى» داۋامىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ دەپ قارايدۇ (2).

* * *

1990 - يىللاردىن باشلاپ، خىتايىنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئامېرىكانى «150 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خىتايىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، خىتاي مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن زومىگەر» دەپ سۈپەتلەيدىغان شەكىلدە قايتىدىن يېزىپ چىقىلدى. مەزكۇر قايتا تەربىيەلەش ئۇرۇنۇشى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى پىلانى» دېگەن قالپاق ئاستىغا يوشۇرۇلدى (3). خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەن ئاق

ئەپەندى بۇرمىلانغان ئامېرىكا تارىخىنىڭ مەزكۇر پىلاندا قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھالبۇكى بۇ (بۇرمىلانغان ئامېرىكا تارىخى خىتايدا) ماۋ زېدوڭ ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن بۇيان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى، ۋاڭ چۈن **1951** - يىلى تۈزگەن «ئامېرىكانىڭ خىتايغا قىلغان تاجاۋۇزلىرى» دېگەن دەرسلىك كىتابتۇر. بۇ كىتاب **2012** - يىلى بىر پارچە تور ئوبزورى بىلەن قوشۇلۇپ قايتا بېسىلغان. مەزكۇر ئوبزوردا بۇ كىتابنىڭ ئەبەدىي قىممىتى تەكىتلىنىپ «ئامېرىكانىڭ خىتايغا قىلغان تاجاۋۇزلىرى دېگەن بۇ كىتاب بىر مەھەل بېسىلماي قالغانىدى (بىز بۇ كىتابنى قايتىدىن باستۇق)، گەرچە (بۇ كىتاب يېزىلغاندىن بۇيان) نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي پاكىتلار ھېلىھەم توغرىدۇر. ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق» دېيىلگەن (4). بۇ ئوبزور مۆتىدىل دەپ قارىلىدىغان خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان (5). مەن **2013** - يىلى كۈزدە خىتاي دۆلەتلىك مۇزېيىنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مىسالىنى كۆردۈم. خىتاي كومپارتىيەسىدىكى قاتتىق قوللار بىلەن لىبېرال ئىسلاھاتچىلار ئۈزۈندىن بۇيان خىتاي تارىخىغا ئالاقىدار پاكىتلار ۋە بۇنى سىرتقا قانداق كۆرسىتىش مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ماۋ زېدوڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان بۇ مۇزېينىڭ تاقاقلىق تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ۋاقتىدىن ئۇزۇن بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ بىر تاش ئېتىم مىقتارى يىراقلىقتىكى بۇ مۇزېي **1961** - يىلى سېلىنغان بولۇپ، **1966** - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا تاقىۋېتىلگەن. دېڭ شياۋپىڭ **1979** - يىلى خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى سىرتقا ئېچىشقا باشلىغاندا، دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيىنىمۇ ئېچىۋەتكەنىدى. بۇ مۇزېي ئاران تەستە يېڭى ئەسىرگە كىرىشكە، **2001** - يىلى يەنە تاقالغان. ئاندىن خىتاي رەھبەرلىرى **2011** - يىلى مۇزېينى قايتىدىن ئېچىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى كەڭ كۆلەم-

لىك ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئون يىل ۋاقىت ۋە **400** مىليون دوللار سەرپ قىلدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئىككى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. بىرىنچىسى، بۇ مۇزېينىڭ كۆلىمىنى بىرىتانىيە مۇزېيى ۋە ئامېرىكادىكى «بۈيۈكشەھەر سەنئەت مۇزېيى»نىڭكىدىن ئاشۇرۇپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇزېيغا ئايلاندۇرۇش. بۇ مۇزېينىڭ كىرىش زالى ئون قەۋەتلىك بىنانىڭ ئېگىزلىكىدە ۋە ئۈچ دانە پۇتبول مەيدانىچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ، بۇ زالنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتكە ئۈچ دانە تەڭرىقۇت داڭقىنى قويۇلغان (مەن خىتاي ئەپسانىلىرىدىكى بىتەلەي چۈ بېگىدەك تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سورىمىدىم). خىتاينىڭ ئىككىنچى نىشانى بۇ مۇزېي ئارقىلىق «خەلقى تىرىشچان، قەيسەر، ئەقىللىق، تىنچلىقسۆيەر ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان بىر دۆلەت»نىڭ ھېكايىسىنى جاھانغا ئاڭلىتىش ئىدى. ئەلۋەتتە، بىر دۆلەتنىڭ تارىخ مۇزېيىدا شۇ دۆلەتنىڭ ئىجابىي سۈپەتلىنىشىنىڭ ھېچقانداق بىنورمال يېرى يوق. ئەمما، خىتاي مۇزېيىدىكى مېنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە بۇ يەردە خىتاينىڭ ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدە دېگەنلىرى — ۋە دېمىگەنلىرى — ئىدى. بۇ يەردىكى «قايتىدىن قۇدرەت تېپىش يولى» تېمىسىدىكى دائىمىي كۆرگەزمىدە، خىتاي كومپارتىيەسى تۈزگەن، **1840** - يىلىدىن بۈگۈنگىچە بولغان يېقىنقى زامان خىتاي تارىخى كۆرسىتىلىدىكەن. بۇ تارىخ خىتاي «غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كېڭەيمىچىلىك ۋە تالان - تاراج قىلىشى» نەتىجىسىدە «يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال جەمئىيەت»كە ئايلىنىپ قالغان دەۋردىن باشلىنىدىكەن. (كۆرگەزمىدە شۇنداق دېيىلگەن:) ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ «جاھانگىر كۈچلەر» خىتايغا «بىر توپ ھەرىدەك ئولىشىپ، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ - تالاپ، خەلقىمىزنى ئۆلتۈرگەن».كۆرگەزمىنىڭ **1900** - يىلىدىكى يىخېتۇەن قوزغىلىڭى يانتۇ خەت شەكلىدە تونۇشتۇرۇلغان بۆلۈكىدە « خىتاي خەلقى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا مۇرەسسەسىز زەربە بەرگەن » دې-

يىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە بىلەن بولغان كۈرەشلەردە «خىتاي خەلقى يېقىنقى زامان تارىخىدا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تىركىشىش ۋە ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى». ئاندىن خىتاي «قايسى يولنى تاللاشتىن ئىبارەت تارىخىي قارار»غا دۇچ كەلدى ۋە «ئەكسىيەتچىل» جياڭ جيېشىنىڭ «مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى»غا قارشى «تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن پائال كۈرەش قىلغان» ماۋ زېدوڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنى تاللىدى. كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «خىتاي خەلقى ئۆز - ئۆزىگە تايىنىدىغان ھالغا كەلدى ۋە خىتاينىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشىنى ھالقىلىق ماتېرىيال ۋە تېخنىكا ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدىغان، نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك سانائەت سىستېمىسى، ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى». «كومپارتىيەگە رەھمەت ئېيتىش كېرەككى»، بۇ «ئۇلۇغ مىللەت (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» بەرپا قىلدى ۋە «ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش»نىڭ ھالاۋىتىنى تېتىدى. كەلگۈسىدە، خىتايلار «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىكى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ» ۋە «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ».

ئەمما، (مەزكۇر كۆرگەزمىدە) خىتاينىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا (خىتاي بۇ كۆرگەزمىدە سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ) «كاپىتالىستىك غەرب دۆلەتلىرى»نىڭ قورallىق ئارىلىشىشىغا تايىنىپ غەلىبە قىلغانلىقى؛ ئامېرىكانىڭ مەبلىغى ۋە ئامېرىكا بازىرىنىڭ خىتاي ئېكسپورتىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈر ئامىل ئىكەنلىكى؛ شۇنداقلا خىتاينىڭ تېخنولوگىيەلىك ئىلگىرىلەشلەردە ئامېرىكا بىلەن ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش پروگراممىسى داۋامىدا تۇرۇشكەن يۈزگە يېقىن كېلىشىمگە تايانغانلىقى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ كۆزۈمگە چېلىققان، ئامېرىكالىقلارنىڭ خىتاي پۇقرالىرىغا كۆرسىتىلگەن بىردىنبىر چوڭ رەسىمى بىر ئەسىر ئىلگىرى، يىخېتۇەن قوزغىلىڭى مەزگىلىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىدا پادىشاھنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ «ئەدەبسىزلىك» قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىدى. بۇ رەسىمنىڭ ئاستىغا ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكالىقلارنىڭ نېمىشقا خىتايغا كېلىپ قالغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئىزاھات بېرىلمىگەچكە، زىيارەتچىلەرنىڭ «ئۇلار (ئامېرىكالىقلار)نىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خىتاينى بويسۇندۇرۇش ۋە خارلاش ئىكەن» دېگەن تۇيغۇدا كۆرگەزمىدىن ئايرىلىشى تەبىئىي. بۇ رەسىمنىڭ يېنىدا ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ يىخېتۇەن قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلىرى كۆرسىتىلگەن. خىتاي دۆلەتلىك تاشقى ئىشلار ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۈچ نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت تەكلىپىمگە بىنائەن مۇزېينى مەن بىلەن بىللە ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدى. ئۇلار دىپلومات بولۇش ئۈچۈن تەربىيەلىنىۋاتاتتى، شۇنداقلا ئۇلار خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنىڭ نۇقتىسىدىن ياخشى تەربىيەلەنگەنىدى.لېكىن، ئۇلار يىخېتۇەنچىلەرنىڭ 100 مىڭ پۇقرانى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ياكى ئامېرىكانىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خىتايغا قىلغان ياردەملىرى، ياكى ماۋ زېدوڭنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى ۋە 1959 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە داۋاملاشقان ئاچارچىلىقتا 20 مىليون خىتاينىڭ ئۆلگەنلىكى، ياكى 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە خىتايدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار تاقىلىپ، خىتاي خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يەنە نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بەك كۆپ نەرسە بىلمەيتتى. شۇنداقلا، ئۇلار تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن (خەتەرگە قارىماي) بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقۇدەك دەرىجىدە ھاماقەت ئەمەس ئىدى. بۇ ماگىستىرلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىنلا چىقارغان قارارىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ قىرغىنچىلىق ئۆزىنى پەقەتلا تىلغا ئالمىغان مەزكۇر

مۇزېيدىن 200 يارد (تەخمىنەن 180 مېتىر) لا نېرىدا يۈز بەرگەنىدى (7). دېڭ شياۋپىڭ 1989 - يىلىدىن كېيىن پارتىيەنىڭ (خىتايغا بولغان) كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن لى پېڭ ۋە باشقا قاتتىق قوللار بىلەن ھەمكارلاشتى. خىتاي رەھبەرلىرى «بۈنىڭدىن كېيىن خىتاي ئوقۇغۇچىلار ھەرگىز ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىمايدىغان، مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدىن نەقىل ئالمايدىغان ۋە ئامېرىكانىڭ قىممەت قاراشلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭكىدىن ياخشى، تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىمايدىغان بولىدۇ» دەپ قەسەمياد قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، خىتايدىكى دەرسلىك كىتابلار يېڭىدىن تۈزۈلۈپ، ئامېرىكا «ئەڭ رەزىل دۈشمەن» دەپ تونۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا، خىتايدىكى سىنىپ ۋە كۇتۇپخانىلاردا پەقەت ئامېرىكاغا بولغان مۇشۇ خىل كۆز قاراشنىڭلا بولۇشى (باشقا كۆز قاراشلارغا ئورۇن بېرىلمەسلىكى) توغرىسىدا سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر بېكىتىلدى.

خىتايدىكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىسىغا كۆرە، ئامېرىكالىق تۇنجى مۇتتەھەم — پرېزدېنت جون تايلېر (John Tyler) ئىدى. ماۋ زېدوڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، تايلېر 1844 – يىلى ئىمزالانغان «ۋاڭشيا شەرتنامىسى» ئارقىلىق «ئامېرىكانىڭ خىتايغا قىلغان تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە ئىمزالانغان تۇنجى تەڭسىز شەرتنامە»نى خىتايغا تاڭغانىدى (8). خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىلغان دەرسلىك كىتابلارغا كۆرە، مەزكۇر شەرتنامە ئامېرىكانىڭ خىتاينى تىزگىنلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى سۈپىتىدە «ئامېرىكاغا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن» ئىدى. تايلېر ۋە باشقا ئامېرىكالىقلار «كۈچ تۈپلاپ، دۈشمەننىڭ ھالسىرىشىنى كۈتۈۋاتاتتى» (ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت بىر تۇراقلىق ئىبارە). (خىتاينىڭ نەزىرىدە، ئەينى ۋاقىتتا) ئامېرىكانىڭ خىتاينى تىزگىنلىگۈدەك كۈچى يوق ئىدى، ئەمما ئۇلار (ئامېرىكالىقلار) پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتەتتى. تاسادىپىي پرېزدېنت بولۇپ قالغان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان جون تايلېر ئامېرىكادا پەقەت «تىپپىكانو ۋە تايلېرمۇ بار» (Tippecanoe and Tyler Too) دېگەن (1840 – يىلىدىكى) پرېزدېنتلىق سايلىمى شوئارى سەۋەبلىك مەشھۇر بولسا، خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ « ئامېرىكانىڭ خىتاي مەدەنىيىتىگە تەلتۆكۈس خوجا بولۇش پىلانىغا ئۇل سالغان» رەزىل تالانت ئىگىسى ئىدى (9).

تايلېر بۇ ئىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، كېيىنكى قېتىم (بۇ جەھەتتە) تارىختا ئىز قالدۇرىدىغان ئامېرىكا رەھبىرى خىتايغا قارشى تاكتىكا پېشۋاسى ئابراھام لىنكولن بولۇپ قالدۇ دەپ قارىلاتتى. ئەلۋەتتە، لىنكولن ئامېرىكادا دۆلەتنى بىرلەشتۈرگەن، (قارا تەنلىك) قۇللارنى ئازاد قىلغان، ئۆز پىرىنسىپلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلغان سەممىي پرېزدېنت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، خىتايغا نىسبەتەن ئۇ پەقەت «ياۋايى، زوراۋان ئامېرىكا جاھانگىر»لىرىدىن بىرىدۇر. خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شى يىنخوڭ دېگەن پروفېسسور «لىنكولن خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشىنى، ھەتتا ئېكسپىلاتاسىيە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى» دېگەنىدى (10). تارىخنىڭ بۇ ۋارىيانتىغا كۆرە، لىنكولننىڭ ئانسون بېرلىنگېيم (Anson Burlingame) نى تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ، خىتاي بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى ئەنە شۇ ئىدى. بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئامېرىكا تەتقىقات مەركىزىدىكى مېي رېنيىنىڭ قارىشىچە، 1868 – يىلىدىكى «بېرلىنگېيم شەرتنامىسى» خىتاينى «غەربنىڭ كۇلتۇر ئۆلچىمىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغان» (11). مەزكۇر شەرتنامە غەربنىڭ دېموكراتىيە ئەنئەنىسىنى ياقىلاپ، خىتاينىڭ يەرلىك قائىدە – يوسۇن، ئۆرپ – ئادەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، شۇنداقلا لىنكولننىڭ تىنچ ئوكياننى تىزگىنلەش خىيالىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان.

(خىتاي تارىخلىرىغا كۆرە) ئامېرىكا 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى – بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئوچۇق نامايان قىلىشقا باشلىغان. 1900 – يىلىدىكى يىخېتۇەن قوزغىلىڭىدا، ئامېرىكا سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قېتىلغان. بۇ ئارمىيە خىتاينى غەربنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەر قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى. مەزكۇر بىرلەشمە ئارمىيە خىتايدا يول بويى زورلۇق – زومبۇلۇق، تالان – تاراج قىلىپ ماڭغان ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، خىتاي خەلقى-

61 مىليارد دوللار تۆلەم تەلەپ قىلغان. ئامېرىكا «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى» ۋە باشقا دۆلەتلەرنى خىتايغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى» ئىدى (12).

يىخېتۇەن قوزغىلىڭىدىن كېيىن، خىتاي يىقىل-غان بولسىمۇ، تەلتۆكۈس ھالاك بولمىدى. خىتاي بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداشلىرىغا ياردەم قىلدى. پرېزىدېنت ۋۇدروۋ ۋىلسون (Woodrow Wilson) ۋېرسالدا ئىنسان ھەقلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ھەققىدە كېڭىشىشكە ۋەدە بەرگەندە، ۋەزىيەت خىتايغا پايدىلىق بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ۋەقەنىڭ خىتاي تارىخلىرىدىكى ۋارىيانتىدا ۋىلسوننىڭ «ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەربىي ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارزۇسى دۇنيانى ئامېرىكانىڭ زومىگەر تاجاۋۇزچىلىقىغا كۆندۈرۈش ھىيلىسى» ئىدى. دېڭ شۇشېڭ تۈزگەن «ئامېرىكا تارىخى ۋە ئامېرىكالىقلار» دېگەن دەرسلىك كىتابتا «ۋىلسون پۈتۈن خىتاينى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەت دائىرىسىگە ئايلاندۇرماقچى» دېيىلگەن (13). شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ئەسلى قانۇنىي نۇقتىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك بولغان (ئەينى چاغدىكى) گېرمانىيە مۇستەملىكىسى شەندوڭنى ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ۋىلسون ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى قۇۋ زومىگەرلەرگە ئوخشاش، زەئىپلەشكەن ئۇرۇشقاق بەگلىكنى ئاسترتتىن غۇلىتىشقا ھەرىكەت قىلغان. پاجىئەلىك ھالدا، بۇ «خىيانەت» خەۋىرى ئاتالمىش «4 – ماي» ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھالبۇكى بۇ ھەرىكەت زامانىۋى خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە 1921 – يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان.

خىتاي تەھلىلچىلىرىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدىكى تەھلىللىرىگە كۆرە، ياپونىيەنىڭ 1931 – يىلى مانجۇرىيەگە، 1937 – يىلى خىتاي تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشى ئاسىيادىكى بۇ ئىككى دۆلەت (ياپونىيە بىلەن خىتاي) نىڭ قەد كۆتۈرۈپ غەربىي تىنچ ئوكياندا ئامېرىكادىن ئىبارەت بۇ زومىگەرگە تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ ئۇلارنى ئۆزئارا ئايىغى چىقماس ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇش تاكتىكىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تارىخچى تاڭ چىڭ پرېزىدېنت فرانكلىن روزۋېلتنىڭ «خىتاي خەلقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا تېخىمۇ زور قۇربانلىق بەرگۈزگەنلىكى»نى چۈشەندۈرۈپ، «چۈنكى، خىتاينى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىپ، ئۇنى ياپونغا قارشى بازا قىلىپ قوللىنىش ۋە خىتاي – ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئامېرىكاغا پايدىلىق ئىدى. شۇنداقلا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئامېرىكا بىر كۈنلەردە خىتايغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولالايتتى» (14). دېڭ شۇشېڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىنى خىتايدا بېقىشنىڭ ئەڭ چوڭ جاۋابكارلىقى»نى روزۋېلت ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەن. روزۋېلت ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى زومىگەرنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە، «تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلغاچ»، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئامېرىكاغا قارشى تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ھالىدىن كېتىشىنى كۈتكەن (15). (خىتاينىڭ نەزىرىدە) ئۇ ئاۋۋال «چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگەن»، ئاندىن (خىتاينىڭ) «تۈزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچقان» (16).

نومۇسسىزلىقتا يىڭى پەللە ياراتقان خىتاي رەھبەرلىرى بۈگۈن رىچارد نىكسوننىڭ «خىتايغا ئېچىۋېتىلىش» سىياسىتىنىمۇ ــ ئەينى چاغدا بېيجىڭ بۇ خىل ئېچىۋېتىلىشنى ئالدىراتقان ۋە قارشى ئالغانىدى ــ تامامەن بۇرمىلاپ، «رەزىل ئامېرىكانىڭ خىتايغا خوجا بولۇش سۈيقەستىدىكى يەنە بىر قەدەم» دېيىشمەكتە. «ھېكايە»نىڭ بۇ يېڭى ۋارىيانتىدا، نىكسون خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا سېلىش ئارقىلىق ئىككى كوممۇنىستىك دۆلەت ئارىسىدا ئاتوم ئۇرۇشى پارتلىشىنى ئۈمىد قىلغان. نىكسون ئامېرىكانىڭ كەلگۈسىدە «دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» ۋە دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن، روزۋېلتقا ئوخشاش «تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ ئۇرۇشىشىنى تاماشا قىلغان». بۇ ھېكايىگە كۆرە، «دانا» ماۋ زېدوڭ

بۇ تاكتىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئامېرىكانىڭ ھامان بىر كۈنى خىتايدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بېيجىڭ سوۋېتقا قارشى بىر ئىتتىپاقداشقا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈنلا، نىكسوننى خىتايىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ماۋ زېدوڭنىڭ چوڭ گېنېراللىرىدىن بىرى قەدىمكى شۇ ( 蜀 ) خاندانلىقىنىڭ شىمالدىكى رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىپ ئۇنىڭغا: «شەرقتىكى ۋۇ بىلەن بىرلىشىپ، شىمالدىكى ۋېيغا قارشى تۇرۇش» مەسلىھەتىنى بەرگەن (17).

***

خىتاينىڭ «يېقىنقى زامان تارىخى»دا، ئامېرىكا سودا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، تېخنىكا يەتكۈزۈش، دىپلوماتىيە، كۇلتۇر ۋە مائارىپ ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، شۇنداقلا دېموكراتىك ئىسلاھاتقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىچىدىن ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ سوۋېت ياشلىرىنى ۋە غايىچى (idealist) لىرىنى «چىرايلىق ھەسەل قۇتىسى» بىلەن ئالداپ، ئۇلارنى «دۈشمەن بارىگاھىدا ئىختىلاپ تېرىش» ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

خىتاي ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئامېرىكانىڭ سوۋېتنىڭ خاتالىقلىرىدىن بۇ شەكىلدە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشى سىياسىي ئىستېبدات ۋە نەيرەڭۋازلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، خىتايلار ئامېرىكا ئۆزىگىمۇ ئوخشاش تاكتىكىنى ئىشلىتەكەندە، ئۇلارنىڭ دائىمغا چۈشمەسلىككە قەسەمياد قىلىشقانىدى. 2013 – يىلى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى (بۇ ئامېرىكادىكى غەربىي نۇقتا <West Point> ھەربىي مەكتىپىگە توغرا كېلىدۇ) «تىۋۇشسىز رىقابەت» دېگەن ماۋزۇدا توقسان مىنۇتلۇق بىر فىلىم ئىشلىدى. بۇ فىلىمدە ئامېرىكانىڭ خىتاي جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىش، «خىتايىنى مالىمانلاشتۇرۇش» ئۇرۇنۇشلىرى، شۇنداقلا بىر كوممۇنىزم دۆلىتى (خىتاي)نى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن «مېڭە يۇيغۇچى سىياسىيونلار»نى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان (18). (مەزكۇر فىلىمدە ئېيتىلغان، بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆچەۋاتقان) ئامېرىكادىكى باش «جىنايەتچى»لەر فۇلبرايت ئوقۇش مۇكاپاتى، فورد فوندى، كارتېر مەركىزى، بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ۋە ئامېرىكا – خىتاي سەرخىللىرىنى بىر – بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىتىدىغان باشقا مېخانىزملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. (فىلىمدە دېيىلىشىچە) خىتاي «قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىسا، شۇنداقلا قۇدرەتلىك سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلسىلا»، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن «ئاتالمىش دېموكراتىك كۈچلەر»نى توسۇپ قالالايتتى. ھالبۇكى، ئامېرىكا خىتاينى غۇلىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

خىتاي سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا دائىر تارىخنىمۇ قايتا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار (ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى) بۇ نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان تىركىشىشنى ئامېرىكانىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانى دەپ سۈپەتلىگەنىدى. خىتايدا ئىشلەنگەن، بېيجىڭ تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، 2013 – يىلى ئۆكتەبىردە قويۇلۇشقا باشلىغان بىر قانچە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا، رېگان دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئامېرىكانىڭ قۇۋلۇقىنىڭ مەھسۇلى دېيىلگەن. (مەزكۇر فىلىمگە كۆرە) سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل دېيىلىپ كەلگىنىدەك، كوممۇنىستىك دۆلەتلەر ئۆز – ئۆزىنى قامدىيالماس بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پارچىلانغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئامېرىكا مەقسەتلىك ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالدىغان ۋە ئۇنى غۇلىتىۋەتكەن.

***

ئەلۋەتتە، خىتاي كومپارتىيەسى تۈزگەن، رەسمىي «ئامېرىكا – خىتاي تارىخى»نى سېپى ئۆزىدىن توقۇلما دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جون تايلېر تۈزگەن «ۋاڭشيا شەرتنامىسى» خىتايغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ شەرتنامە ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، خىتاي پورتلىرىغا «ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسى» بېرىلگەن، شۇنداقلا ئامېرىكالىقلارنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشى ھەققىدىكى چەكلىمە بىكار قىلىنغانىدى. ئابراھام لىنكولن-

نىڭ ھاياتى بويىچە خىتاي ھەققىدە ئويلىنىشقا بىرەر – ئىككى مىنۇتمۇ ۋاقتى چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا لىنكولنىنىڭ ئەلچىسى ئانسون بىرلىنگېيىم تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كېلىشىممۇ خىتايغا پايدىلىق ئىدى. مەزكۇر كېلىشىمدە خىتاينىڭ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنداقلا تاجاۋۇز ۋە ئۇقۇشماسلىقنى توگىتىش ئۈچۈن بۈگۈنكى «توقۇنۇش قىزىق لىنىيەسى»گە باراۋەر كېلىدىغان بىر مېخانىزم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يىخىتۇەن قوزغىلىڭى مەزگىلىدە بولسا، ئامېرىكا چەتئەل ئەسكەرلىرىنىڭ زورلۇق – زومبۇلۇق قىلىشىنى چەكلەيدىغان رەھبەر ئىدى. ۋۇدروۋ ۋىلسون چىڭداۋنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋېرسالدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن ۋە ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تىنىم تاپماي كۈچىگەن. غەرب تەتقىقاتچىلىرىغا كۆرە، ۋىلسون ياپونىيەنىڭ تىنچلىق يىغىنىدىن چېكىنىش مۇمكىنچىلىكىگە قارىماي، خىتاينىڭ (بېسىۋېلىنغان) زېمىنلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلغان ۋە ياپونىيەدىن بېسىۋالغان خىتاي زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە ئالغان، ھالبۇكى كېيىن ياپونىيە بۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان. خىتاينى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىر ياقتا تۇرسۇن، فرانكلىن روزۋېلت ئامېرىكانىڭ ياردىمى، تىنچ ئوكياندىكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىش ۋە ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئارقىلىق خىتاينى قۇتقۇزۇپ قالغان. رىچارد نىكسون ھېچقاچان ئۆزى خىتايغا سۇنغان تەكلىپنى ئاتوم ئۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغان. شۇنداقلا، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق ھەرىكىتى ئامېرىكا خىتاينى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پىلانلىغان ئىش ئەمەس، بەلكى خىتايدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتاينى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىش ئۇرۇنۇشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىگە دائىر توغرا تارىخ بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان بولغاچقا، خىتاي يازغۇچىلىرى 2012 – يىلى ئېيۇندا بېيجىڭدىكى ھەممە كىشىنىڭ باراك ئوباماغا خىتايغا قارشى ئاتالمىش مەخپىي پىلان-بىدىن خەۋىرى بارلىقى توغرىسىدا مېنى ئاگاھلاندۇرغاندا، ئانچە ھەيران قالمىغانىدىم.

ئامېرىكا تارىخىنى ھەقىقىي ياخشى بىلىدىغان خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمەت لىنىيەسىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغۇدەك دەرىجىدە ھاماقەت ئەمەس. ئۇلار ئامېرىكاغا قارشى بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئامېرىكالىق زىيارەتچىلەرگە كەمدىن كەم بىلدۈرىدۇ. ئۇلار قەستەن سەممىيەتسىز بولۇۋالغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇم ئۆگەتمىسە بولمايدىغان (بۇرمىلانغان) تارىختىن نومۇس قىلىدۇ. مەن 2103 – يىلى كۆزدە بېيجىڭغا قىلغان سەپىرىمدە، بىر پروفېسسوردىن ئۇ دەرس قىلىپ ئۆتۈۋاتقان بەزى كىتابلار توغرىسىدا سوئال سورىدىم. ئۇ مېنىڭ ئاللىقاچان شۇ دەرسلىك كىتابلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىمدىن بىخەۋەر ئىدى.

«قاراڭ، مەن شۇنىڭغا قىزىقىۋاتىمەنكى، كىتابىڭىزدا پرېزىدېنت تايلېر، ۋىلسون ۋە لىنكولنغا، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ <رەزىل> خىتاي سىياسىتىگە ئالاقىدار نۇرغۇن گەپلەر باركەن» دېدىم مەن.

ئۇ كېكەچلىگەچ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھالدا ئارانلا «قا... قاراڭ، بى.. بىز يېقىندا ئامېرىكا ئارخىپلىرىدىكى بەزى ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەنتۇق» دېيەلىدى.

«بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، مەنمۇ ئۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. لېكىن مەن ئامېرىكادىكى دەرسلىك كىتابلاردا بۇ خىل خىتايغا قارشى سىياسەتلەر توغرىسىدا ھېچنەرسە ئۇچراتمىدىم. ئەمەلىيەتتە، (بۇ ھۆججەتلەردىن) ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ (خىتايغا قارشى ئەمەس، بەلكى) تولىمۇ خىتايپەرەس ئىكەنلىكىمىز چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر خاتا ئېسىمدە تۇتۇۋالمىغانلا بولسام، ئامېرىكانى قۇرغان دۆلەت ئاتىلىرىدىن بىن فرانكلىن، بولۇپمۇ توماس جېففېرسون خىتاينىڭ سىستېمىسىغا مەپتۇن ئىدى» دېدىم مەن.

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۇھسىنغاچ، ئۆزىنىڭ تەڭقىسلىقىنى چۈشەندۈرۈپ: «دەرسلىك ماتېرىياللارنى مەن تاللىمايمەن. فاكۇلتېتىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيە ئەزاسى،

شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت بىز ئۈچۈن ئارخىپ تۇرغۇزغان. تەستىقتىن ئۆتكەن ئوقۇۋتۇش ماتېرىيالىدىن چەتنەپ كېتىپلا قالساق، كەسپىي ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلاشقىنى شۇ» دېدى.

مەن چۈشەنگەنلىكىمنى ئىپادىلەپ كۈلۈمسىرىدىم ۋە «دېمەك، بۇ قارار مائاش دەرىجىڭىزگە ئاساسەن چىقىرىلغانكەندە؟» دەپ سورىدىم.

«شۇنداق» دېدى ئۇ.

***

مەن شۇ ھەپتىسى يەنە مەشھۇر «ئامېرىكا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى»نى كەمىدە ئون بەشىنچى قېتىم زىيارەت قىلدىم. مەزكۇر ئىنستىتۇت ئۆزىنىڭ ئانا ئورگىنى بولغان «خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى»نىڭ 15 قەۋەتلىك بېتون بىناسىغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بولغاچقا، ئۇ يەردىن ئۈچ مىل يىراقلىقتا ئايرىم بىناسى بار ئىدى. مەن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى بىر بۆلۈك ۋەكىللەر بىلەن بىللە بۇ يەرگە باردىم. بۇ يەر يېشىللىق ۋە بېتون توسۇقلار بىلەن قورشالغانىدى.

ئۇلار بىزنى بەشىنچى قەۋەتتە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بەختكە قارشى لىفت توختاپ قالغاچقا، بىز پەلەمپەيي بىلەن چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق، بۇ ئارىمىزدىكى ياشقا چوڭلارنى خېلىلا ھاسىرىتىپ قويدى. بەشىنچى قەۋەتكە چىققاندىن كېيىن، بىز چىراغلىرى پىلىلداپ تۇرغان كارىدوردا ئالدى – كەينى بىر سەپ بولۇپ ماڭدۇق. مەن توپا – چاڭ باسقان، شۇنداقلا غۇۋا بۇ كارىدوردا ماڭغاچ، ئامېرىكا ئىستراتېگىيەسى تەتقىقات بۆلۈمى، دۆلەت ئىچى سىياسىتى بۆلۈمى ۋە چەتئەل سىياسىتى بۆلۈمى قاتارلىق ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ئىشىكلىرىدە يەنىلا بەلگىلەر بارلىقىنى كۆردۈم.

بىز (كۆرۈشىدىغان ئۆيگە) يېتىپ كەلگەندە، بىزنى ئون ئالتە نەپەر خىتاي تەتقىقاتچى كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىق – ئەللىك ياشلاردا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكادا ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكىدەك ئادەتتىكى ئامېرىكاچە كىيىم كىيىۋالغانىدى.

ئۇلارنىڭ مۇدىرى، لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان خۇاڭ پىڭ ھەممەيلەننى قارشى ئالدى ۋە يىغىننى باشلىدى. ئالاھەزەل يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن، مەن خىتاينىڭ ئامېرىكانى قانداق سۈپەتلەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بەزى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

«كەسىپداشلار، مەن شۇنچە كۆپ جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېيىن، خىتايدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىدا ئامېرىكانىڭ خىتاي تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە بىرەر قېتىممۇ ئىجابىي گەپ قىلىپ باققانلىقىنى كۆرمىدىم. يېقىندا مەن غەربلىكلەرنىڭ خىتايغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىغا دائىر ناھايىتى ئېسىل بىر تارىخ كىتابىنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ يېيىل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جوناسان سپېنس (Jonathan Spence) يازغان «خىتاينى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن» دېگەن كىتابتۇر. بۇ كىتابتا خىتايغا ياردەم قىلغان دىن تارقاتقۇچىلار، روكفېللېر فوندىنىڭ ياردەملىرى، ئامېرىكانىڭ يىخېتۇەن قوزغىلىڭىدىن ئالغان تۆلەم پۇلى ئارقىلىق خىتاينىڭ MIT (ماساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى)سى، يەنى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى قانداق قۇرۇپ چىققانلىقى بايان قىلىنىپتۇ. بۇ يەردە يىگىرمە كىشى ئولتۇرۇپسىلەر، ئاراڭلاردا بىرەرسىڭلار خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئۆزىگە قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن بىرەر پارچە ماقالىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ خىتاي باشتىن كەچۈرگەن بىر ئەسىرلىك خارلىق داۋامىدا، ئامېرىكانىڭ خىتايغا ياردەم قىلغانلىقى سۆزلەنگەن بىرەر پارچە دەرسلىك كىتاب ياكى ماقالە بارمۇ؟ مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ «خىتاي ئىقتىسادىنىڭ 1978 – يىلىدىن كېيىنكى ئېشىش نىسبىتىنىڭ يېرىمى ئامېرىكانىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا ماس كېلىدىغان جاي دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن بولغان» دېگەن كۆز قارىشى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر بارمۇ؟ ئامېرىكانىڭ تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ بەرگەنلىكى، شۇنداقلا بانكىچىلىق، ئىلىم – پەن ۋە دېڭىز ئىشلىرى ساھەسىدە خىتايغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىچۇ؟

مەن خىتايدىكى بىرەر پارچە دەرسلىك كىتابتا بۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدىم. بەزى نەرسىلەرنى كۆرمەي قالغان بولۇشۇم تەبىئىي. ماڭا بۇ ھەقتە بىرەر ئۆرنەك كۆرسىتەلەيدىغانلار بارمۇ؟»

ئارقىدىنلا يىغىن زالىنى ئوڭايسىز سۈكۈنات قاپلىدى. خىتاي كەسپداشلىرىمىز تەڭقىسلىق ئىلكىدە بىر – بىرىگە قارىشاتتى.

بىر خىتاي تەتقىقاتچى سەممىيلىك بىلەن: «ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمىزدا سىلەرنىڭ بىزگە ياردەم قىلغانلىقىڭلار توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى ئۆگەنگەنىدۇق، لېكىن بىزنىڭ تەستىقتىن ئۆتكەن كىتابلىرىمىزدا بۇ مەزمۇنلار يوق» دېدى.

بۇ يىغىننىڭ سىرتىدا، ماڭا پرىزدېنت بۇش ۋە ئوبامانىڭ خىتاينى قورشاش ۋە قامال قىلىش پىلانلىرى بايان قىلىنغان كىتاب - ماقالىلەر بېرىلدى. بۇ پىلانلار خىتاينىڭ دېڭىز ئاستى بايلىقلىرىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىش، ئۇنىڭ دېڭىز قاتنىشى يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش، خىتاي زېمىنىنى پارچىلاش، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەرنى قوللاش، قالايمىقانچىلىق، ئىچكى ئۇرۇش ۋە تېرورىزىمغا كۈشكۈرتۈش، خىتايغا ئاۋىياماتكىدىن زەربە بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئۆتمۈشكە بولغان كۆز قارىشىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ھەققىدە بۇنچە كۆپ يالغان – ياۋىداقلارنى توقۇپ چىققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇپ چىققان يالغان – ياۋىداقلارغا راستىلا ئىشىنىدىغانلىقىدۇر.

ئالدى بىلەن، مەنچە، خىتايدىكى ئەقلى – ھوشى جايىدا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ جون تايلېردىن باراك ئوباماغىچە بولغان بارلىق ئامېرىكا پرىزدېنتلىرىنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت تۈتۈش مىزانلىرىنى ئۆگەنگەنلىكىگە ۋە ئانچە تونۇلمىغان بۇ ئىدىيەلەردىن پايدىلىنىپ خىتاينى تىزگىنلىمەكچى بولغانلىقىغا ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مەن خىتايدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ (ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت بۇ ئىبرەتلىك سۆزلەرنى چىن ھەقىقەت دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ئۇلار ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار «ئامېرىكا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى زومىگەر دۆلەتلەرگە ئوخشاش شەخسىيەتچىلىك، كۆرەڭلىك ۋە رەھىمسىزلىك يولىنى تۇتىدۇ» دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئامېرىكا ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2002 – يىلىدىكى دوكلاتىدا دېيىلگىنىدەك «خىتاي رەھبەرلىرى ئىزچىل ھالدا ئامېرىكاغا <زومىگەر> دەپ تەبىر بېرىپ كەلدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكانى ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان زوراۋان، يەنى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى دەپ قارايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» (19).

مەزكۇر كومىتېتنىڭ دوكلاتىدا يەنە شۇنداق دېيىلگەن:

«خىتاي ئەنئەنىسىگە كۆرە، خىتايلار پەقەت ئۆزى بىلەن ئارىسىدا كۈچلۈك دۈشمەنلىك بار دۆلەتنىلا <زومىگەر> دەپ ئاتايدۇ... [خىتاي] رەھبەرلىرى ھەردائىم دېموكراتىكلىشىش تونىغا ئورۇنۇۋالىدىغان « زوراۋانلىق سىياستى » نىڭ ئامېرىكانى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان نېگىزلىك ئامىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ... [خىتاينىڭ] ئىستراتېگىيەلىك مۆلچەرلىرىگە ۋە ئامېرىكانى خىتاي خەلقىگە خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشىگە، ئامېرىكاچە دېموكراتىك لىبېرالىزمنى، ئامېرىكانىڭ ئاسىيا ئەتراپىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ۋە كۈچ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي كۈچ مونوپوللۇقىغا نىسبەتەن تەھدىت دەپ قارىشى سەۋەب بولغان» (20).

خىتاي ئامېرىكانىڭ چەتئەللەردىكى ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى — بۇ باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — (بۇ خىل قاراشنىڭ) دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بايقىغىنىدەك، «ئامېرىكا خىتاينىڭ بېلگرادتىكى ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقى سەۋەبلىك، بېيجىڭ ئامېرىكانى ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئوخشاتقان؛ خىتاي ئامېرىكانىڭ بوسنىيا ۋە كوسوۋو توقۇنۇشىغا ئارىلىشىشىنى ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى

ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن دەپ شەرھلىگەن؛ خىتاي شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ زورايتىلىشىغا خىتاينى تىزگىنلەش ۋە قورشاش ئۈرۈنۈشى دەپ تەبىر بېرىدۇ؛ خىتاي ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى كەڭ كۆلەملىك ۋەيران قىلغۇچ قوراللارنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە قوشقانلىق دەپ تەنقىدلەيدۇ» **(21)**.

قىسقىسى، خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكانىڭ **150** يىلدىن كۆپرەك ۋاقتتىن بۇيان خىتاينى بويسۇندۇرۇش كويىدا يۈرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ پىلانى قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنى قىلىپ (بىزگە بويسۇنۇشىنىڭ ئورنىغا) بىزنى بويسۇندۇرۇشتۇر. خىتاي رەھبەرلىرى خەلقئارالىق مۇھىتنىڭ تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا «نۆل يىغىندىلىق» (بۇ قورشاۋ شاھمات نەزەرىيەسىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇقۇمغا كۆرە، كەسكىن رىقابەت ئاستىدا، رىقابەتچىلەردىن بىرىنىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى چوقۇم يەنە بىر تەرەپنىڭ زىيان تارتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. رىقابەت ئىچىدىكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئومۇمىي پايدا – زىيان يىغىندىسى مەڭگۈ «نۆل» بولىدۇ، دېمەك بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ھەقىقىي مەنىدە ھەمكارلىشىشى مۇمكىن ئەمەس، ت) ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا، جون تايلېر دەۋرىدىن باشلاپلا خىتايغا ئۆچ ئامېرىكا جاھانگىرلىرى خىتايغا رەھىم قىلمىغاندەك، خىتايمۇ ئامېرىكاغا قەتئىي رەھىم قىلماسلىقنى پىلانلاۋاتىدۇ.

خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتا كۆز قاراشلىرىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلانمىغان بولسا ئىدى، خىتاينىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى كۆز قارىشى بۇنچە باش ئاغرىتمىغان بولاتتى. گەرچە خىتاي بىر قاراشقا ئامېرىكا بىلەن تىركىشىشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكانى ئۆزلىرى ئۇتۇپ چىقىشنى پىلانلاۋاتقان خەلقئارالىق تىركىشىشتىكى دۈشمىنى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ خىتاي – ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بۇ خىل تونۇشى خىتاينىڭ نېمىشقا ئامېرىكانىڭ كۈچىنى خورىتىش ئۈچۈن تەكرار – تەكرار ئامېرىكانىڭ دۈشمەنلىرىگە — بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشلىرىدا — ياردەم قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، «**11** – سېنتەبىر» ھۇجۇمىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى «بەشبۇرجەك بىنا ھەرىكەتتە» ماۋزۇلۇق بىر فىلىم ئىشلەپ، ساددام ھۇسەيىننى ھېكمەت ساھىبى قىلىپ سۈپەتلەپ، ئامېرىكانى بولسا ئىقتىساد ۋە بەختەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئېيتقىنىدەك «ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە كۆرەڭلىكى خىرسقا ئۇچرىغان، مەسئۇلىيەتسىز ھەربىي ئۈچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالغان، يارىلانغان زومىگەر» قىلىپ سۈپەتلىگەن **(22)**.

خىتاي قاتتىق قولىلىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭغا ئامېرىكانىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ھەرىكىتى قوزغاش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپى ئاساسەن ئۈتۈقلۇق بولدى. ئۇ (دېڭ شياۋپىڭ) خىتاينىڭ قەدىمكى زومىگەر دۆلەتكە تۇتقان ئەنئەنىۋى مەيدانىغا بەكلا مايىل بولۇپ كەتتى.

دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىدى. ئۇ خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى **1969** – يىلدىن **1989** – يىلىغىچە داۋاملاشقان يىگىرمە يىللىق دوستانە مۇناسىۋەتنى بىر ياقىقا چۆرۈۋەتتى. لېكىن، ئۇ بۇ ھەقتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ئاگاھلاندۇرمىدى ۋە چۆچۈتۈپمۇۋەتمىدى. ئۇ ئەمدى ئۈز چېگراسى بويىدىكى بىر مىليون سوۋېت ئەسكىرىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرمىسىمۇ بولاتتى. ئامېرىكا تەرەپتە بولسا، ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە «خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا توغرىسىدا دەۋاتقان گەپلىرىگە راستلا ئىشىنىدۇ» دېگەن قاراشتىكىلەر تولىمۇ ئاز ئىدى، ۋاشىڭتوندا ھېچكىم ئامېرىكاغا قارشى بۇ ھاياجانلىق نۇتۇقلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانىدى. ئاشكارا سورۇنلاردا بۇ ھەقتە توختىلىدىغان غەرب رەھبەرلىرىمۇ ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىشلارغا دىققەتمۇ قىلمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، «ئامېرىكا نامەردلىك قىلدى» دېگەن بۇ قاراشقا ھېچقاچان رەددىيە بېرىلمىدى. بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەرگىمۇ « بۇ پەقەت

خىتايدىكى ئاز ساندىكى ئىككىلەمچى قاتتىق قوللارنىڭ كۆز قارىشى» دېيىلدى.

***

خىتاي رەھبەرلىرى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى خىتايغا ئالاقىدار سىياسىي بەس – مۇنازىرىلەرنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، خىتاي ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىدىغان سىستېما بەرپا قىلدى. بۇنىڭ كۆپىنچىسى رەقىبى ئامېرىكانى ئالداپ، ئۆزىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئاخىرىدا ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشى ئۈچۈن ياردەم قىلغۇزۇشقا ئىشلىتىلەتتى. خىتاي رەھبەرلىرى 1995 – يىلىدىن باشلاپ، يۈز يىللىق مارافوندا غەلىبە قازىنىشتا چەتئەل تاراتقۇلىرىدىكى خىتايغا ئالاقىدار كۆز قاراشلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشۋىقات سىستېمىسىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇنىڭ تەنەرخى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى، ئەمما ئىشمۇ ئەڭ ھالقىلىق باسقۇچىغا كېلىپ قالغانىدى.

خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكاغا ئىشەنمەيلا قالماستىن، ئامېرىكا تاراتقۇلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. خىتاي 2013 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يىگىرمىدىن كۆپرەك ژۇرنالىستنى خىتايدىن چىقىرىۋېتىشنى پىلانلىدى (23). بۇ ژۇرنالىستلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ھاكىمىيىتىنى نارازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىغانىدى، لېكىن ئۇلار «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «بىلۇمبېرگ ئاگېنتلىقى»غا ئوخشاش خوجايىنلىرىنىڭ ئاتالمىش جىنايەتلىرى ئۈچۈن جازالانغانىدى. بىلۇمبېرگ ئاگېنتلىقى 2012 – يىلى ئىيۇندا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قانچىلىك مال – دۇنيا توپلاپ بولغانلىقىغا ئالاقىدار بىر ماقالە ئېلان قىلدى (24). «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»مۇ شۇ يىلى ئونىنچى ئايدا شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي باش مىنىستىرى ۋېن جىباۋنىڭ توپلىغان بايلىقلىرى ھەققىدە خەۋەر بەردى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى خىتايچە نەشىر قىلىنىدىغان تور ژۇرنىلىدا J.P. مورگان ۋېن جىباۋنىڭ قىزىغا بەرگەن مەخپىي «مەسلىھەت بېرىش ھەققى» توغرىسىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىندى (25). خىتاي بۇنىڭ «قىساسى» سۈپىتىدە، بىلۇمبېرگ ۋە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تور بەتلىرىنى خىتايدا ئېچىلماس قىلىۋەتتى(26). خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكالىق ژۇرنالىستلارنى خىتاي خەلقى ئارىسىغا ئىختىلاپ سېلىش ۋە خىتاينىڭ يوللۇق قەد كۆتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر تالاي ئامېرىكالىقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرى دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە خىتاي سەرخىللىرى ئارىسىدا ئۆلچەمگە ئايلانغان بۇ خىل تەپەككۇر ئادەمنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئومۇملاشتى. خىتايدا تەسىر كۈچكە ئىگە ئىستراتېگىيەچى ۋە خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دەي شۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى توغرىسىدا ئېزچىل داۋراڭ سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچبولمىغاندا بۇ داۋراڭلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ بەرمىسە، دەي شۇنىڭ بۇ خىل گەپ – سۆزلەرنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، ئۇ 2013 – يىلى ئامېرىكانى «شاڭخەيدە H7N9 قۇش زۇكىمى ۋىرۇسىنى تارقىتىش ئارقىلىق (خىتايغا قارشى) <بىيو – پىسخولوگىيەلىك> ئۇرۇش قوزغىدى» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە دائىم «ئامېرىكا دۇنيا نوپۇسىنىڭ يىگىرمە پىرسەنت ئازايتىپ، خىتاينىڭ سانائىتىنى مەخپىي تىزگىنلىمەكچى ۋە خىتاينى بىر قانچە دۆلەت قىلىپ پارچىلىۋەتمەكچى» دېگەن گەپنى دەپ يۈردى (27).

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ باشتىن – ئاخىر، تارىختىن بۈگۈنگىچە ئۆزىنى رەزىل دۈشمەن دەپ قاراپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. ئامېرىكا ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى 2004 – يىلى «خىتاينىڭ يىللار مابەينىدىكى ئامېرىكاغا ئالاقىدار دوكلاتلىرىدىكى ئۇچۇرلار ۋە سۆز ئۇرانى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن» مارىيلەند ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىر تەتقىقات تېمىسىنى

ئىشلىگەندى (28). (بۇنىڭ نەتىجىسىدە) مەزكۇر كومىتېت «ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايلارنىڭماقالىلىرى ۋە باياناتلىرىنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقىنى، نەتىجىدە خىتاي رەھبەرلىرى ۋە خىتاي خەلقىنىڭ ئامېرىكاغا بولغان چۈشەنچىسى ھەققىدە تونۇشىنىڭ يېتەرسىز بولۇپ قالغانلىقىنى» بايقىغان (29).

***

خىتايدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە قاتتىق قوللار «ئادەتتىكى گۇماندارلار» دېگەن ئامېرىكا فىلىمىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ فىلىمدە، كېيۋىن سپەسى رولىنى ئالغان قەبىھ بىر تالانت ئىگىسى ياۋاش، مېيىپ، دېۋەك بىرىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ ھەممەيلەننى ئالدىۋېتىدۇ. خىتاي قاتتىق قوللىرى مەزكۇر فىلىمدىكى «ئەڭ چوڭ مىكىر كىشىلەرگە مىكىر ئىشلەتكۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىشتۇر» (30) دېگەن سۆزنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالغان بولاتتى. خىتاي قاتتىق قوللىرى خىتاينىڭ ئامېرىكا ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. خىتاي ئامېرىكا مەبلىغىدىن، ئامېرىكا بىلەن بولغان تىجارەتتىن، ئامېرىكا مائارىپىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتكە، شۇنداقلا ۋاشىڭتوننىڭ خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە سىپايىلىك بىلەن يول قويۇشىغا ئېرىشمەكچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەرگە) ئۆزىنىڭ دوستانە يۈزىنى كۆرسىتىشكە موھتاج.

ھالبۇكى، خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ يەنە بىر ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، كەلگۈسى بىر ئەۋلاد خىتاي پۇقرالىرى، ھەربىي ئوفىتسېرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ئامېرىكاچە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەكلىپ – تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك تۇرىدۇ. خىتاي قاتتىق قوللىرى ئامېرىكاچە ئەركىن بازار ئىگىلىكى ۋە سايلامنىڭ ئومۇملىشىشىدىن قورقىدۇ. ئەلۋەتتە، ئامېرىكادا پەن – تېخنىكا، سودا باشقۇرۇش ۋە سىياسىي جەھەتتە «بىخەتەر» باشقا كەسىپلەرنى ئوقۇشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 240 مىڭغا يەتتى.

خىتاي قاتتىق قوللىرى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئامېرىكاچە سىياسىي مودېل بەرپا قىلىش تەرغىباتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىماللىقىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپتۇق، دەپ قارايدۇ: (بۇ ئامال شۇكى) خىتاي مۆتىدىللىرىدىن بۇنداق بىر «ئوبراز خۇنۇكلەشتۈرۈش پىلانى» بارلىقىنى ئىنكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئاندىن ئامېرىكانىڭ بۇ ئىشنى كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكىنى، ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىش.




6

## خىتاينىڭ ئۇچۇر نازارىتى

«دەرەخنى يالغان گۈل-چېچەك بىلەن زىننەتلەش»
– «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ ياخشى نىيىتىگە مىسلىسىز دەرىجىدە باغلانغان. بۇ خىل ياخشى نىيەت ئارقىلىق غايەت زور چەتئەل مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرگىلى، خىتاي ماللىرىنىڭ ئېكسپورتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تەشكىلاتلار تېخنولوگىيە ئوغرىلىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتۇلۇپ قالغاندا، ياكى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغاندا كۆزنى قىسىۋېلىشقا ئېرىشكىلى، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن باشقا ئۇسۇللارنى قوللانغىلى بولىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ لىدېرلىرى خىتاينىڭ پۈتۈنلەي ئەركىن بازارغا يۈزلىنىشتەك «توغرا» يولغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا، خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرىۋاتقانلىقىغا ۋە سىياسىي ئەركىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا قايىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، غەرب دۆلەتلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقارقىدەك يول قويۇش يولىنى تۇتقان.

خىتاي توغرىسىدىكى بۇ خىل چۈشەنچىلەر – توغرىسى، خاتا چۈشەنچىلەر – تاساددىپىيلىقنىڭ ياكى ساددىلىقنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى بۇ يەردە كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئېلېمېنتنىڭ تەسىرى مەۋجۇت. ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا مېنىڭ ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىتايدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردىن ۋە كومپارتىيەنى ياقىلمايدىغان خىتايلاردىن ئۆگەنگىنىمىز شۇ بولدىكى، بېيجىڭنىڭ چەتئەللىكلەرگە خىتايدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچە بېرىشكە، غەربنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بۇرمىلاشقا تەييار ھالەتتە تۇرغان، ھەمدە چەتئەللىكلەرنى خىتايدىن ياخشى ئۈمىد كۈتۈشكە يېتەكلەيدىغان مۇكەممەل بىر سىستېمىسى بار ئىكەن. بۇ سىستېمىنىڭ بېشىدا قوماندانلىق قىلىۋاتقان شەخس خىتاينىڭ ئۈچىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى ئىكەن.(1)

كومپارتىيەنى ياقىلمايدىغان خىتاي سەنئەت-كارى ئەي ۋېي ۋېي بۇ مەخپىي ھەرىكەتنىڭ ۋارىيانتلىرىدىن بىرىنى – خىتاي توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى غەرب مۇخبىرلىرىغا ئاشكارىلىغان خىتاي بلوگېرلارنىڭ باستۇرۇلۇشىنى – ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان.(2) «چېگرا ھالقىغان مۇخبىرلار ئورگىنى»نىڭ تەپسىلىي مەلۇماتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئەي ۋېي ۋېي (خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن) «ئىشخانىسىغا ۋە ھۇجرىسىغا ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى كېچە-كۈندۈز سىنىغا ئېلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۆت دانە تور كامېراسىنىڭ ئورنىتىپ قويۇلۇشىنى مەسخىرە قىلغان. ئارقىدىن، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا ئۇنىڭ بارلىق ئۈچۈر ۋاستىلىرى تاقىۋېتىلگەن.»(3) ئەي ۋېي ۋېي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر، ئاكادېمىكلار، مۇخبىرلار، سودا ماگناتلىرى ۋە ئانالىزچىلار قاتارلىقلارنى يالغان مەلۇماتلار ئارقىلىق پەيلەپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا ئىجابىي نەزەردە قارىشى ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى چەكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ئاممىۋى مۇناسىۋەت تورى قۇرۇپ چىقىشتىنمۇ بەكراق ئىنچىكە لاھىيەلەنگەن. دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ ئەنسىرىشىنى يوق قىلىپ، كۆز كۆرىدىغان يەرگە يوشۇرۇنۇش (تاكتىكىسى) مارافون ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ۋارىيانتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. خىتايلار بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ مەخپىي، ئاشكارىلانمىغان ھەرىكەتتە غەلىبە قازاندى.

1960 -يىللىرىدىن بېرى ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى خىتاينىڭ قالاق دۆلەت ئىكەنلىكىگە، ئاكتىپ ھەربىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىگە، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكانى ئۆزىگە ھەربىي تەھدىت دەپ قارىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ خىتاي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن غەربلىكلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئۇچۇر ئىدى. نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى بېيجىڭ تارمىقىنىڭ دىرېكتورى پاترىك تايلېر (Patrick Tyler)مۇنداق خەۋەر قىلغان ( 1999 -يىلى ):«بۈگۈن دەلىل-پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، گەرچە خىتاي تەجرىبىخانىلىرىدا ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان

بولسىمۇ، بىراق، خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر سانائەت ئاساسىنى تىكلەشتە كەسپىي بىلىم ۋە بايلىق مەنبەسى يېتەرسىز.»(4)

غەربلىكلەرنىڭ خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىپ، خىتايغا كەڭ تارقالغان «چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئۇرۇش» ناملىق كىتاب بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى ھېسسىياتى، يۇقارقى مۇلاھىزىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىش بولدى. كىتابتا ئامېرىكانىڭ ئاجىز نۇقتىلىرى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ ھەربىي ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئاپتور كىتابتا ئامېرىكاغا ئوخشاش ئۆزىدىن كۈچلۈك دۆلەتنى مەغلۇپ قىلىشتا ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي، بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك ئۇرۇش قوزغاش، خاككېرلىق ھۇجۇمى قوزغاش، ھەتتا تېررورىزمنى ئىشقا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەسەرنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكلىرىدىن چياۋ لياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي ئىككىسىنىڭ قولىدىن چىققىنى، كىشىلەرنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان.

بۇ كىتاب ھەققىدىكى خەۋەرلەر غەربتە تارقىلىشقا باشلىشى بىلەنلا، خىتاي تېزلىك بىلەن كىتابنى بىرىنمۇ قويماستىن كىتابخانىلاردىن يىغىۋالدى.(6) گەرچە بۇ ئەسەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىدىن كېيىن ئىككىلى ئاپتورنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى كىتابتىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىتابنى ئىنكار قىلغان بولۇۋالدى. (7) 2001-يىلى، 11-سېنتەبىردىكى ئامېرىكاغا قىلىنغان تېرورلۇق ھۇجۇمىدا ئۆلگەنلەرنى (كىتابنىڭ ئاپتورىدىن بىرى بولغان) چياۋلياڭ خىتاي تور بەتلىرىدە «ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغۇچىلار» دەپ سۈپەتلىدى.(8) 2004-يىلى ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان بىر بازارلىق كىتابتا كۈنىمىزدىكى خەلقئارالىق سىياسەتنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى بايان قىلىنغان. (9)

(شۇ چاغدا) ئامېرىكادىكى خىتايغا ئامراق بىر ئوچۇم ئاكادېمىكلەر ۋە سودا ماگناتلىرى تېزدىن بېيجىڭنى ئاقلاشقا ئۆتۈپ، كىتابنى يازغان ئىككى خىتاي پولكوۋنىكنىڭ ئىدىيىسىنىڭ خىتاينىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئىككى خىتاينىڭ كىتابتا ئېيتقانلىرىنى نەزەرگە ئىلماسلىقىمىزنى تەشەببۇس قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تەرجىمە ئورگىنى تاكى مېنىڭ بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى ئىشخانامدىن ئەۋەتىلگەن رەسمىي شەكىلدىكى تەلەپنامىنى تاپشۇرۇۋالمىغۇچىلىك، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرىنى 2005-يىلى (2013-يىلىمۇ ھەم شۇنداق) ۋاشىڭتوننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئامېرىكانىڭ قانداق دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كىتابتا ئىلگىرى سۈرگەن كۆز قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنچىلىكى كۆزلەنگەن ئىدى. ئەمما، ئىش ئۇنداق بولمىدى. ۋاڭ شياڭسۈي داۋامەن زامانىمىزدىكى ھادىسىلەرگە ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىگە قىياسەن تاكتىكا بەلگىلەش توغرىسىدا يەنە بىر كىتاب نەشر قىلدۇردى. ۋاڭنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، «بىزنىڭ زور تەسىرىمىز» سەۋەبلىك، خىتاي قاتتىق قوللىرى «ئاينىغانلار» دەپ ئاتىلىشنى پەرۋايىغا ئالمايدىكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى (كىشىلەرگە) پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولغان ئاكادېمىكلارنى، مۇخبىرلارنى ۋە ئالىملارنى قىزىل پايانداز بىلەن كۈتۈۋالمايدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىسىگە پايدىلىق بولغان ئۇچۇرلارنى كۆككە كۆتۈرۈشتە، شۇنداقلا بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان (ھەرقانداق نەرسە) نى بۆشۈكىدە

تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە تولىمۇ ماھىر. تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخنى ئۆزگەرتىشى ۋە ئۆزى بازارغا سالغان مۇقامغا ئەگىشىپ تەڭكەش قىلمىغانلارنى جازالىشى مۇشۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ناۋادا ئامېرىكانىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى، ياكى ئامېرىكا خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋابادەك تارقاپ كەتكەن ئامېرىكىغا دۈشمەنلىك مەيدانىغا نىسبەتەن چەكلىمىسىز ھالدا چۈشەنچىگە ئىگە بولغىنىدا، ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىدە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. خىتاينىڭ نەزىرىدە، (مەيلى ئامېرىكا خەلقى ئارىسىدا، مەيلى ئىستراتېگىيىچىلىرى ئارىسىدا) بۇ خىل چۈشەنچە پەيدا بولماسلىقى كېرەك. شۇنىسى ھەقىقەتكى، بېيجىڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەخپىي ۋە تەشەببۇسكار ئاممىۋىي مۇناسىۋەت تورى، ھەممە كۆز قاراش ئۆزگەرتىش خىزمىتى مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىمۇ داۋام قىلماقتا. بۇ ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىمىزغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئايان بولۇپ كەلگەن ئىشتۇر.

مەن خىتاينىڭ بۇ خىزمىتى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم 2003-يىلى خىتايدىن يۈز ئۆرىگەن بىر ئايال ئەمەلدار تەرىپىدىن مەلۇماتقا ئېرىشكەن ئىدىم. تۆۋەندە مەن ئۇنى لى خانىم دەپ ئاتايمەن. لى خانىم بىر بۆلۈك ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، مۇھىم بىر نۇقتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان ئىدى. ۋەقەلىك مىلادىدىن بۇرۇنقى 490-يىللاردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 470-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ھاكىمبېگى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بەگلىكلەر ئامېرىكا بىلەن خىتايغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن بىرى كونا زوراۋان كۈچ فۇچەي، يەنە بىرى يۈكسىلىۋاتقان كۈچ گوۋجيەن بولۇپ، گوۋجيەن جاھاننىڭ خوجىسى بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. فۇچەي گوۋجيەننى قاماققا مەھكۇم قىلىدۇ. ھاكىمبەگ فۇچەينىڭ «قاتتىق قول» مەسلىھەتچىسى ۋۇزى شۇ فۇچەينىڭ گوۋجيەننى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گوۋجيەننىڭ كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە تەھدىت بولۇشىدىن دائىملا ۋايىم يەپ، ئۇنى باش كۆتۈرگۈزمەسلىك تەرەپتارى بولغان ۋۇزى شۇ گوۋجيەننىڭ ئاقىۋەتتە قېچىپ كېتىش ۋە كونا زوراۋان كۈچ فۇچەينى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا فۇچەينى ئاگاھلاندۇرىدۇ. باشقا مەسلىھەتچىلەر بولسا، قاماقتىكى گوۋجيەن بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، پىلانلىق ھالدا ۋۇزى شۇنى قارىلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلىنى كولايدۇ. شۇنداق قىلىپ، فۇچەي ئاقىۋەتتە ۋۇزى شۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلىدۇ. بىر قاتار خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە فۇچەي ئاخىرى نۆۋەتتىكى ئېتىبارى يوق مەسلىھەتچىسى ۋۇزى شۇغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن بىر دانە قىلىچنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەشھۇر كىنودا مۇشۇ مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. ۋۇزى شۇ يۈكسىلىۋاتقان كۈچ (گوۋ جيەننىڭ) ئەسكەرلىرىنىڭ (فۇچەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى) پايتەختكە غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگىنىنى كۆرەلىشى ئۈچۈن ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىككى كۆزىنىڭ ئويۇلۇپ، فۇچەينىڭ پايتەخت دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلۇشىنى فۇچەيدىن تەلەپ قىلىپ، بىر ئەقلىيە سۆزنى ئېيتىدۇ. غەزەپلەنگەن ھاكىمبەگ فۇچەي ئۆز مەسلىھەتچىسىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجاسىنىمۇ رەت قىلىدۇ.

گوۋجيەن (ۋۇ زى شۇنى ئۆلتۈرگۈزۈش) بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاكىمبەگ فۇچەينى ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشى بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئۈچ يىل قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىشقا، بۇ مۇددەتنى تاماملىغاندىن كېيىن فۇچەينىڭ ئۆزىنى ئىستراتېگىيىلىك شېرىكى قىلىشقا قايىل قىلىدۇ. (بۇ جەرياندا) فۇچەي نامەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن كېسەل بولۇپ قالىدۇ. فۇچەيگە ئۆزىنىڭ چەكسىز ساداقىتىنى نامايان قىلماقچى بولغان گوۋجيەن فۇچەينىڭ كېسەللىگە دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرىتىنى يەيدۇ. گوۋجيەن قاماقتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. دەل ۋۇزى شۇنىڭ بېشارەت بەرگىنىدەك، گوۋ جيەن ئۆزى دۈچ كەلگەن ئار-

نومۇس سەۋەبلىك (فۇچەيدىن) ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، (فۇچەينىڭ تېرىتورىيىسىدە) ئاچارچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن، فۇچەيگە تېرىسا ئۈنمەيدىغان زەھەرلىك ئۇرۇقلارنى (سوۋغا سۈپىتىدە) ئەۋەتىدۇ. ئاقىۋەتتە، گوۋجيەن ۋۇ بەگلىكىنىڭ تېرىرتورىيىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، فۇچەينى ئەسىر ئالىدۇ. ئەسىرگە ئېلىنىش ۋە خارلىنىش سەۋەبلىك فۇچەي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. گوۋجيەن يېڭى زوراۋان كۈچ بولىدۇ.

لى خانمىنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ۋەقەلىك كۈنىمىزدە خىتاينىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى يېتەكچى ئىستراتېگىيىسى ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكا ساختىپەز ياكى نادان مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۆز رەقىبىنىڭ رەزىل نىيىتىگە سەل قارىغان هۆكۈمران فۇچەيگە ئوخشايدىكەن. لى خانمىنىڭ بايانىچە، كوممۇنىستىك پارتىيە هۆكۈمرانلىقى گوۋجيەننىڭ كۈنىمىزدىكى نۇسخىسى بولۇپ، تاكى قول سېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى يېتىپ كەلگۈچە، غەربكە شېرىكلىشىشنى ۋە ساداقەتمەنلىكنى ۋەدە قىلىپ كەلمەكتە ئىكەن.(10) بېيجىڭ گوۋجيەنگە ئوخشاش ئوغرىلىقچە ۋە مەخپىي هەرىكەت قىلىپ، يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۆز مەقسىتىنى يوشۇرماقتا ئىكەن.(11) خىتاي رەهبەرلىرى ئۇزاقتىن بېرى پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، ئۆز خورلۇقلىرى سەۋەبلىك ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك پەيت ئىزدىمەكتە ئىكەن. بۇ خۇددى فۇچەينىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ هاكىمىيىتى بېسىۋېلىنىشقا تەييار بولغان چاغدا، گوۋجيەننىڭ ئۇنى يەر چىشلەتكىنىگە ئوخشايدىكەن.(12)

مەن 2004-يىلى خىتايغا قىلغان سەپىرىمدە، بۇ ۋەقە توغرۇلۇق هەرخىل ئالىملاردىن سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇلار بۇ ۋەقەنى ياخشى بىلىدىكەن ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك يول كۆرسەتكۈچى دەپ قارايدىكەن. ئۇلار ماڭا هەتتا بۇ ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بىر قانچە كىتابلارنىمۇ تەۋسىيە قىلىشتى. بۇ هەقتىكى كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى شۇنداق دېگەن ئىكەن:«ئەگەر سەن پۈتكۈل دۇنيانى ئىلكىڭگە ئالماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى بەك چوڭ غايىسى بار سۈپەتتە ئوتتۇرىغا چىقمىغىنىڭ، ئۇلۇغلۇققا تەلپۈنۈشىڭنى چاندۇرمىغىنىڭ تۈزۈك. ئەگەر سەن پىلان بويىچە هەرىكەت قىلىۋاتقىنىڭنى ئوتتۇرىغا چىقارساڭ، ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ قويىسەن... گوۋجيەننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى (بۇ جەهەتتە) ياخشى ئۆرنەكتۇر.»(13) ئازادلىق ئارمىيەگە تەۋە ئاپتورلاردىن بىرى گوۋجيەن ئەگەشكەن پرىنسىپقا:«هەرىكەتنى كىچىكتۈرۈپ، تېخىمۇ ئۇيغۇن ئىستراتېگىيە مۇهىتىنى يارىتىش» دەپ باها بەرگەن.(14) لى خانمىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، يۇقارقىلار خىتاينىڭ غەربكە قىلىۋاتقىنىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن.

لى خانمىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي توغرۇلۇق پەقەت «توغرا» خەۋەرلەرنىڭلا چىقىشى ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي رەهبەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا بار ئىكەن. لى خانمىنىڭ بايانىغا كۆرە، (بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتىنىڭ) مۇهىم نۇقتىسى ئۆز كونتروللىقىدا ئىشلەنگەن فىلىملەرنى ئەڭ ئاۋۋال دۆلەت ئىچىدە تارقىلىدىغان قاناللاردا قويۇش ئارقىلىق چەتئەلگە، بولۇپمۇ ئامېرىكاغا ئۈچۈر تارقىتىش ئىكەن. ئۇ بىر ئامېرىكا بازارلاش(ماركېتىڭ) سېلىشتۇرمىسىدىن پۇۋنىڭ ياخشى سېتىلىشىنى بەلگىلەيدىغىنى پۇۋنىڭ سۈپىتى بولماستىن، ئۇنى تارقىتىش يولى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن. گەرچە هېچكىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى مۇتلەق هالدا ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆز قانائىتىگە ئۈچ خىل دەلىل كۆرسەتتى. ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئىدى: خىتاي رەهبەرلىرى خىتاي ئىچىدىكى ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ۋە بۇ خەۋەرلەر ئارقىلىق چەتئەلنىڭ خىتاي هەققىدىكى چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىكەن. ئامېرىكا دىپلوماتىيە ۋە ئىستراتېگىيىلىك دىئالوگ ئارقىلىق مەردانىلەرچە

ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئىراق، ھەربىر ئامېرىكا مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ – ھەممە يەرلىك گېزىتلەرنىڭ، بارچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ، پۇتكۇل بلوگېرلارنىڭ (ھۆكۈمەت تەرىپىدىن) كونتروللۇققا ئېلىنغىنىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ھەممە ئىشلارنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكا توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن لاھىيەلەنگەنلىكىنى قىياس قىلىڭ. ئامېرىكالىقلارنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش ئەڭ كامىدا ئەخلاقسىزلىق، قانۇنسىزلىق، شۇنداقلا بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. پرېزدېنتقا مەسلىھەت بېرىدىغان ئاق سارايدىكى خادىملار ۋە ئەل رايىنى سىنىغۇچى مۇتەخەسسىلەرمۇ نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتىگە، ياكى ئامېرىكا ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا ئۇلارنىڭ نېمە بېسىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيدۇ.

لى خانىم بىزگە يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز سىياسىتىگە قارشى تەنقىدلەرنى قانداق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇ تەنقىدلەرنى قانداق باستۇرۇشقا ئورۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قاتتىق قوللار بىلەن مۆتىدىللەر دائىملا ئالاھىدە ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش توغرۇلۇق بىر-بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ ھال ئاق ئەپەندى (ئاق ئەپەندى توغرىسىدىكى بايانلار **4**-بابتا مەۋجۇت-ت) بىزگە تەمىنلىگەن ئۇچۇر بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ئاق ئەپەندى خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ **1980**-يىللاردا خىتاي كومپارتىيىسى تەشۋىقات ئىشخانىسىنى كونتروللۇقىدا تۇتقانلىقىنى، ئامېرىكانى خىتاي خەلقىگە قايسى دەرىجىدە سەت كۆرسىتىش توغرۇلۇق مۆتىدىللەر بىلەن جاڭجاللاشقانلىقىنى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىدىن، ھەتتا خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن تەنقىدىي پىكىر تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ئۇچۇرلارنى تەنقىدىي پىكىرگە قارىتا ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىزگە ئاشكارىلىغان ئىدى.

لى خانىم بۇ خىزمەتكە يىلىغا **12** مىليارد دوللار خىراجەت ئاجرىتىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ خىزمەت خىتاي سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى مەخپىي ئىشخانىدا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خىزمەتنىڭ كۆپ قىسمى خىتايدىكى گېزىتلەرنى، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى، شۇنداقلا چەتئەلدە نەشىر قىلىنىدىغان ژۇرناللارنى، ھەمدە دۆلەت ئىچى ئىنتېرنېت ساھەسىنى كونترول قىلىدىغان تەشۋىقات سېستىمىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان ئۇچۇرلارنى يارىتىشقا قارىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خىزمەتنىڭ تەركىبى قىسىملىرى ئىچىدە پارتىيە مەركىزى بىناسى بار كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان بىر مەخپىي ئورگان بار بولۇپ، بۇ بىرلىكنىڭ باش شتابىدا مىڭ خىزمەتچى ئىشلەيدىكەن. ئالدىنقى سەپ بىرلەشمە خىزمەت باشقارمىسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئورگان ئۆز ئالدىغا ئاخبارات توپلاش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. مەن بۇ باشقارمىنى **1999**-يىلى زىيارەت قىلغان ئىدىم. ئىراق، باشقارمىنىڭ مەسئۇلى (شۇ چاغدا) ماڭا بۇ ئورگاننىڭ خىزمىتىنىڭ «ئىچكى» مەسىلىلەرگە قارىتىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بىز بۇنداق ئىككى بىسلىق گەپنى چۈشەنمەيمىز، ئەلۋەتتە. بۇ ئورگانلار خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ كونتروللىقى ئاستىدا ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىپ، خىتاي ھەققىدىكى توغرا ئۇچۇرلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دۆلەت ئىچىدە تارقىلىشىغا، ئاندىن ئۇنىڭ بولۇپمۇ چەتئەللىك تاماشىبىنلارغا تارقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. مانا بۇ خىتاينىڭ چەتئەللەرگە قىلغان تەشۋىقاتىنىڭ كۆپىنچىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر ۋە شوئارلىرىنىڭ خىتايلارغا نىسبەتەن ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئەمما، چەتئەللىكلەرگە نىسبەتەن مەنىسىز ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن.

لى خانىمنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ تەسىرى سۆپىتىدىكى بىرىنچى مىسالى، **2000**-يىلىدىكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى نورماللاشتۇرۇش

ياكى نورماللاشتۇرماسلىق، شۇنداقلا خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولۇش بولماسلىقى توغرىسىدىكى بېلەت تاشلاشقا خىتاينىڭ يۇقارقىدەك تەشۋىقاتلىرىنىڭ قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بۇ بېلەت تاشلاشتا خىتاينىڭ ئىككىلا جەھەتتىن پايدا ئالغانلىقى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، بۇ خىزمەتنىڭ يۆنىلىشى خىتاينىڭ ئۆز سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىنى (socialist economy) ئەركىن قويۇپ بېرىشكە قەتئىي هالدا قارشى چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى باستۇرۇش؛ ھەمدە قىلىۋاتقىنىنىڭ ئەكسىچە، خىتاينىڭ مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئەركىن بازارغا بولغان ئېھتىياجىنى ۋە بۇ جەھەتتە مۇۋەپپىقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بولغان ئىكەن. بۇنداق تەشۋىقات گۇمانخور ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلەيدىكەن.

لى خانمىنىڭ ئىككىنچى مىسالى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پرېزدېنت بىل كېلىنتوننىڭ دالاي لامانىڭ تىبەتكە قايتىشى ئۈچۈن خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش جەھەتتە قانداق ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى ئىدى. خىتاينىڭ مەقسىتى دالاي لامانىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق، شۇنداقلا دالاي لامانى دىنىي لېدىر ئەمەس، «بۆلگۈنچىلىك تونىغا ئورىنىۋالغان چىلبۆرە» سىياسىئون دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قارا سۈركەش، ھەمدە دالاي لامادىن باشقا تىبەت لېدىرىنىڭ تىبەتكە قايتىشى ئىلگىرى سۈرۈش بولغان.(15)

لى خانىم دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچىنچى مەسىلە بولسا، بېيجىڭنىڭ خىتاي ۋەتەندىشى بولغان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى، بولۇپمۇ ئىلگىرى خىتاي كومپارتىيىسىدە يۇقىرى ھوقۇق تۇتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى قانداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىن بارا-بارا مەھرۇم قويۇشقا ئۇرۇنۇشى ئىدى. ئۇ بىزگە ئېيتقان ئۈچ تۈرلۈك مىسال ئىچىدە، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى خىتاينىڭ سىرتقا تەسىر كۆرسىتىش تىرىشچانلىقلىرى ئارىسىدا خىتاي ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ غەلىبە ئۇنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى ئۈچۈن قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈشى بولغان.

گەرچە لى خانمىنىڭ خىتاينى قارىلاشلىرى كۆپىنچىمىزنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر ۋە باشقا كىشىلەر خىتاينىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە ۋە ئاق سارايغا تەسىر كۆرسىتىشكە بولغان ئۇرۇنۇشلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ. 1996-يىلى فرەد تومپسون ۋە جون گلېن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قېتىملىق كېڭەش پالاتا تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، خىتايلارنىڭ بىۋاستە هالدا ئامېرىكانىڭ سىياسىي قەدەم باسقۇچلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىقى ئاشكارىلاندى. 2000-يىلى مارتتا، FBI ۋە CIA ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە بېيجىڭنىڭ «دۇنيا مىقياسىدىكى خىتايغا بولغان كۆز قاراشنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى»نى دوكلات قىلغان. دوكلاتتا بايان قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ مەقسىتى «باشقا دۆلەتلەردىكى خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىم شەخسلەر ۋە تەرەققىياتلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش بولغان. ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىش خىتاينىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى بولغان.»(17) لى خانمىنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىكى تەكشۈرۈش سەۋەبىلىك، خىتاي ئامېرىكا سىياسىئونلىرىغا بىۋاستە سايلام ياردىمى قىلىش تىرىشچانلىقىنى توختاتقان. بىراق، خىتاي ئامېرىكا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئورۇنۇشىدىن ۋاز كەچكىنى يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي بۇ مەقسىتىگە يېتىدىغان قانۇنىي ئۇسۇلدىن بىرنى تېپىپ چىقتى. يەنى، خىتاي ۋاشىڭتوندىكى شېرىكلىرىگە خىتاي مېدىياسى ۋە ئاقىللار ئامبىرى ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىش، كونا مۇشتۇمزور كۈچ (ئامېرىكا) نىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىدىغان تېمىلاردا دۆلەت ئىچى مېدىياسىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۆزى تەرىپىدىن چىقىدىغان يېقىمسىز ئىدىيەلەرنى باستۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقتى. لى خانمىنىڭ بىزگە ئېيتقانلىرى خىتاينىڭ بىز ئويلىغاندىن كۆپ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

***

لى خانىمنىڭ بايانىچە، خىتاي يىللاردىن بېرى بېيجىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇچۇرلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ قارىغان چەتئەللىك سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنى دەرىجىسىگە قاراپ تۈرگە ئايرىغان. خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى مۇھىم باش ئەلچىلىرى كىشىلەر بىلەن «دوستلۇق كومىتېتى» شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پايتەختىدىكى مۇھىم سىياسىئونلارنى، سودا ماگناتلىرىنى ۋە داڭدار ژۇرنالىستلارنى باھالاپ چىققان ۋە (ئۆز ئارخىپىدا) بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزىگە نىسبەتەن دوستانىلەرنى باشقا، ئۆزىگە سەلبىي نەزەردە قارايدىغانلارنى ئاياقا تىزىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان. بۇ تىزىملىكتە كۆپلىگەن ئامېرىكالىق ئاكادېمىك ئالىملىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۆتمۈشتىكى ۋە نۆۋەتتىكى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ، ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى سىياستىنىڭ ئىككىلا پارتىيىدىن بولغان كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان.

ۋىلىيام س. ترىپلېت **(William C. Triplett II)** – ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ سابىق كەسپىي مەسلىھەتچىسى، شۇنداقلا خىتاي ھەققىدىكى ئىككى پارچە كىتابنىڭ ئاپتورىدۇر. (خىتاي توغرىسىدىكى ئىككى كىتابنى باشقا بىر ئاپتور بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان.) ئۇ خىتايغا مۇھەببىتى بارلىق كۆرىنىدىغان ئامېرىكالىق مۇتەخەسسىسلەرنى «قىزىللار گورۇھى» ( **Red Team**) دەپ ئاتىغان ۋە ئۇلارنى بىر بولسا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوممۇنىستلىق خۇسۇسىيىتىنى تونۇشتا خاتالاشقان، بىر بولسا بۇنى بىلمەس بولۇۋېلىشقا تىرىشقان دەپ قارىغان. ترىپلېت بۇلارنىڭ قارىشىسىدىكى گۇرۇھنى «كۆكلەر گورۇھى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئۆزلىرىنى خىتايغا ئامراق مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئىدىيە كۈرىشى قىلغۇچىلار دەپ قارايدۇ. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، «قىزىللار گورۇھى» دېگەن لەقەم قويۇلغان تەرەپ ئۆزىگە قويۇلغان لەقەمنى ئۆچ كۆرىدۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ گورۇھتىكىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكالىقلارغىمۇ، باشقىلارغىمۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ داۋا قىلىشىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي مېدىيا خادىملىرىغا رەسمىي ھالدا تەكىتلەيدىغان شۇكى، خىتاي «قىزىللار گورۇھى»نى، خىتاينىڭ تەرىپلىشى بويىچە ئېيتقاندا «خىتاينى ياخشى چۈشىنىدىغان»، «خىتاينىڭ ئاممىۋىي مۇناسىۋىتىدىكى ياخشى ياردەمچى ھېسابلىنىدىغان» ئامېرىكالىقلارنى قوللايدۇ.(18) بۇ سەۋەبلىك، بېيجىڭ ئامېرىكادا «ياخشى ياردەمچىلەر»نى كۆپلەپ تاپالىغان.(19) بۇ «سۆيۈملۈك دوستلار» خىتايغا تەكلىپ قىلىنىدۇ، خىتايدىكى ھەر خىل رەھبەرلەر ۋە ئالىملار بىلەن باردى كەلدى قىلالايدۇ، مېدىيالاردا ماختىلىدۇ؛ ھەتتا بەزى ھاللاردا ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن توختام ئىمزالاش ياكى ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ خىتاي مۇخاتىپلىرى ئادام سىمىس ۋە توماس جېففىرسونغا يۈكسەك مەدھىيەلەرنى تۆكىۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئامېرىكالىق سورۇنداشلىرىنى ئەگەر چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئىچكى مۇخالىپ كۈچلەر خىتايغا بەك بېسىم قىلىۋەتسە ياكى خىتاينى بەك تەنقىدلىۋەتسە، خىتايدا مۇقىمسىزلىق يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ باش تېمىسى تولىمۇ ئاددىي: خىتاي تەھدىت ئەمەس. ئامېرىكا خىتاينىڭ تىنچ ھالەتتە دۇنياۋىي كۈچ بولۇپ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشى كېرەك.

بېيجىڭدىكى ئەمەلدارلار بەزى خىتايشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىتاينىڭ مەۋقەسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ماختىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ماڭا تونۇشلۇق. چۈنكى مەن «قىزىللار گورۇھى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىجاد قىلىنىشتىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا قىزىللار گورۇھى تىپىدىكى شەخس ئىدىم. بىز ئىككىلا تەرەپ ئۆز-ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا مايىل ئىدۇق، شۇنداقلا ئەمدىلەتىن ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى تاماشىبىنلار سۈپىتىنى تولدۇرغان ئىدۇق. شۇنداق قىلىپ، خىتاي كىمنىڭ ئۆزى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ئۆزى تەرەپتە ئەمەسلىكىنى بايقاشتا بىزنىڭ قارارلىرىمىزنى ۋە خەت-چەكلىرىمىزنى كۆزىتىدىغان

بەلەن پۇرسەتكە ئېرىشۋالدى. خىتاي رەھبەرلىرى ئەگەر ئاشۇ (چەتئەللىك) ئالىملارغا يېتەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلىسە، بۇ ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ باشقا يازغۇچىلارغا، ئانالىزچىلارغا، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرگە، ھەمدە بېيجىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى ئىزدەپ يۈرگەن مۇخبىرلارغا تارقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئىدىئولوگىيە بازىلىرىغا سىڭىپ كىرىش ۋە كۆز قاراشلىرىنى بىلىپ تۇرۇشتىكى ئۇسۇل-چارىلىرى خىلمۇ-خىل. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تارىخشۇناس روس تېررىل (Ross Terrill) نىڭ خىتاينىڭ بۇ جەريانىنى سۈپەتلىگىنىدەك «خىتاينىڭ ۋە ئامېرىكانىڭ ئورگانلىرىدىن ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ياكى باشقا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئامېرىكالىقلار ئارىسىدا ئورتاق مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىغا چىقتى. پۇل خىتاي بىلەن قالتىس يېقىن مۇناسىۋەتتى بار بىر سودىگەردىن كېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، بىر ئاقىللار ئامبىرىنىڭ، ياكى خىتاي ھەققىدە تەتقىقاتقا موھتاج فوندلارنىڭ بۇ پۇللارنى رەت قىلىشى تولىمۇ قىيىن.»(20) خىتاي شىركەتلىرى ئامېرىكانىڭ خىتاي تەتقىقاتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئامېرىكادىكى خىتاينىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ياقىلايدىغان ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا زور سوممىدا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى باشلاپ بولدى. بۇ مارافوندا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن خىتاي سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن پىلانلىغان ئۇچۇر تارقىتىش خىزمىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ ھەمشېرىكلارنى ئەتىراپىغا توپلاش ئۈچۈن، 2004-يىلى ئاقىللارچە ھەرىكەتتىن بىرنى باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى (Confucius Institute) دۇر. كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى، خىتاي مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، شۇنداقلا خىتاي سىياسىي بيرۇسىغا كىرەلىگەن تۇنجى ئايال ئەمەلدار ليۇ يەندوڭنىڭ بۇ ئىنستىتۇتقا باشچىلىق قىلىشىدۇر. كۇڭزى خىتاينىڭ ياخشى نىيەت، مەغرۇر ئوبرازىنى ئىپادىلەشتىكى تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك سىمۋولدۇر. «كۇڭزى» غەربتە ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن ئاقىل، تىنچلىقپەرۋەر پەيلاسوپ دەپ تونۇلغان. كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى قارىماققا ھەر قاچان يەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، چەتئەللىكلەرگە خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىدىغان ئورۇن بولۇپ كۆرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار يۇقارقىلاردىن سىرت خىتاينىڭ تارىخىنى كۆككە كۆتۈرۈش، خىتاينى چەتئەللىكلەرگە تىنچلىقپەرۋەر، بەختلىك دۆلەت قىلىپ تەسۋىرلەش، ھەمدە خىتاي مەدەنىيىتىنى پەقەت كۇڭزى ئارقىلىقلا ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىدەك ئىدىيە تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى «سۇنزىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى» (Sun Tzu’s Art of War) نى زورلۇق كۈچتىن خالىي ئىلمىي ئەسەر سۈپىتىدە قايتا تەرجىمە قىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار سەمىمىيەت ۋە دۇرۇسلۇقنى ئۆزىگە مىزان قىلغان بەختلىك كۇڭزى ئائىلىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى بىلەن خۇشال قىلىنىدۇ. تىنچلىقپەرۋەرلىك ۋە سەمىمىيەت خىتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە بازارغا سېلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمەت تور بېتى ئۇلارنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىنستىتۇت «خىتاي بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدىغان، شۇنداقلا دۇنيادا بەكمۇ قارشى ئېلىنغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ.»(21)

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا، كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تارماقلىرى 350 كە يەتتى. ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەسىس قىلىنغان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.(22) پۈتكۈل دۇنياغا تارقالغان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ ئامېرىكادا ئىكەنلىكى،

خىتاينىڭ ئامېرىكاغا سىڭىپ كىرىشىدە كۆڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.(23) بۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئامېرىكادىكى سانى باشقا ھەر قانداق دۆلەتتىكىدىن تۆت ھەسسە كۆپ.(24) 2012-يىلى نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىگە مۇنۇ قۇرلار يېزىلغان:«ئىقتىسادقا ھاجەتمەن ئۇنۋېرسىتېت رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن، كۆڭزى ئىنستىتۇتى ئۇلارنىڭ بېشىغا قونغان ئامەت قۇشى. بۇ ئىنستىتۇت پەقەتلا بېجىرىك ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىگەن تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە دەرسلىك كىتابلىرىنى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، ئىنستىتۇت باشلىقىنىڭ مائاشى ئۈچۈن ۋە ئاممىۋى ھادىسىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلغان بىر پروگرامما ئۈچۈن پۇلمۇ ئېلىپ كېلىدۇ.»(25) ئۇنۋېرسىتېتلار تورلۇق پروگراممىلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىش پۇرسىتى ئاساسىدا مىليونلارچە دوللارغا ئېرىشىدۇ. نەشرىياتلاردىن بىرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى «خىتاي تىلىنى خەلقئاراغا ئومۇملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى»دىن – «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قولى ھېسابلانغان مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن كېلىدۇ.»(26) لىۋيەندۇڭ رەھبەرلىكىدىكى «خىتاي تىلىنى خەلقئاراغا ئومۇملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى» خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىدىن ھېسابلانغان ئون ئىككى خىتاي مىنىستىرى ۋە كومىتېتلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. نېيشېن( the Nation) ئۇزۇن بىر ماقالىسىدە «ئاددىيچە ئېيتقاندا، خىتاي تىلىنى خەلقئاراغا ئومۇملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى كومپارتىيەنىڭ خەلقئارالىق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سۈپىتىدە ئىشقا سېلىنۋاتقان قۇراللىرىدىن بىرىدۇر» دەپ يازىدۇ. (27)

2011-يىلى، خىتاينىڭ ئىنگلىز تىلىدا تارقىتىدىغان «خىتاي كۈندىلىك گېزىتى» «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» گە كۆڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تەشۋىق قىلىنغان ئىككى بەتلىك ئېلان بەرگەن بولۇپ، ئېلاندا «كۆڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاندۇرىدىغانلىقى، شۇنداقلا كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغانلىقى» داۋا قىلىنغان. ئېلاندا يەنە بۇ ئىنستىتۇتنىڭ «مەدەنىيەت ۋە ئالاقە جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنى نىشان قىلىدىغانلىقىنى، ئىدىئولوگىيىگە ئائىت مەزمۇنلاردىن ساقلىنىدىغانلىقى» بايان قىلىنغان.(28) بۇ گەپ توغرا ئەمەس.

مونت خولىك ئىنستىتۇتىدىكى خىتاي ئەدەبىياتى پروفېسسورى جوناسېن لىپمان (Jonathan Lipman) (بۇ ئىنستىتۇتتىن) ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ:«كۆڭزى ئىنستىتۇتى بىزگە لازىملىق بولغان مەھسۇلاتنى، يەنى خىتاي تىلى ئۆگىتىش مۇلازىمىتىنى سېتىشنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكادىكى ئاكادېمىيەلەرگە غەلىبىلىك ھالدا باشلاپ كىردى.»(29) شۇنىڭدەك، مېئامى ئۇنۋېرسىتېتىدىكى بىر پروفېسسور خىتاينىڭ مەرتىلىكىنىڭ شەرتلىك ئاساستا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. (كۆڭزى ئىنستىتۇتلىرى مەنسۇپلىرىنىڭ تەلىپى شۇكى) «دالاي لاما بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزغا، ياكى دالاي لامانى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىشىڭىزغا بولمايدۇ. شىزاڭ مەسىلىسى، تەيۋەن، خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى، خىتاي رەھبەرلىكى ئارىسىدىكى ئىچكى كۈرەش قاتارلىقلارنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ سۆھبەت تېمىسى بولۇشىغا رۇخسەت يوق.»(30) بلۇمبېرگ خەۋىرىنىڭ مەلۇماتىچە «خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار بېيجىڭدىكى بىر تەشكىلات ستانفورت ئۇنۋېرسىتېتىدا خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىدىغان كۆڭزى ئىنستىتۇتىنى قۇرۇش ۋە پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنۋېرسىتېتقا تۆت مىليون دوللار پۇل بەرگەندە بىر شەرتنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، بۇ شەرتتە پروفېسسورنىڭ تىبەت مەسىلىسىگە ئوخشاش نازۇك مەسىلىلەرنى تىلغا ئالماسلىقى بىلدۈرۈلگەن.»(31) ئاۋستىرالىيەدىكى ئەڭ داڭلىق مائارىپ ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان سىدنىي ئۇنۋېرسىتېتى (Sydney University) دالاي لاما بىلەن ئالدىن كېلىشكەن بۇ ئۇنۋېرسىتېتنى زىيارەت قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن-

لىكى ئۇچۇن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە زىيان سېلىش ۋە خىتاينىڭ كۇڭزى ئىنستىتۇتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچى سەۋەب بولغان.(32)

مەن ۋاشىڭتوندىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىدىن بىرىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ھەيرانلىق ئىلىكىدە بايقىغان نەرسەم شۇ بولدىكى، «كۇڭزى ئەسەرلىرى» نىڭ «شۇملۇق چىللايدىغان» بەشىنچى جىلدى ئىنستىتۇتنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. بۇ ئەمنىيە يىلنامىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى بەش زوراۋان كۈچنىڭ يۈكسىلىشى ۋە چۆكۈشى مەزمۇن قىلىنغان. ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت ئۆزىنىڭ مەكتەپ ھويلىسىغا خىتاينىڭ پۇلى بىلەن ئىنستىتۇت قۇرۇشنى رەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان كانادالىق پروفېسسور تېرىي رۇسسېل (Terry Russell) مۇنداق دەيدۇ:«بۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىكى قانۇنىي رامكا ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىۋىي مۇناسىۋەت تورىنى كۈچەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.»(33)

كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلارغا قويىدىغان تەلىپىنى ئېنىق ھالەتتە بايان قىلىپ بېرەلىشىمىز تەسكە توختايدۇ. ئامېرىكالىق مۇخبىرلاردىن بىرى بۇ خىلدىكى توختاملاردىن بىرىگە ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىغان بولۇپ، توختامنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:«توختام ئىمزالىغان ئىككى تەرەپ بۇ توختامنى مەخپىي توختام دەپ بىلىدۇ. بىر تەرەپنىڭ يازمىچە رۇخستى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ توختام مەزمۇنىنى ئاشكارىلىشىغا ياكى باشقىلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا يول قويۇشىغا بولمايدۇ. توختام مەزمۇنىنى ئاشكارىلاش توختام ئىمزالاشقۇچى بىر تەرەپ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت ئاستىدا، توختامدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئاشكارلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»(34)

تەنقىدلەردە ئاگاھلاندۇرۇلىشىچە، كۇڭزى ئىنستىتۇتى مەخپىي ھالدا «سانائەت ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىشپىيونلۇق قىلىش، چەتئەلدىكى خىتايلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەيۋەنلىكلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى يوق قىلىش» قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.(35) شىۋېتسىيەدە، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر نەچچە خادىمى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سكاندىناۋىيە كۇڭزى ئىنستىتۇتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەن:«ستوكھولمدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسى كۇڭزى ئىنستىتۇتى ئارقىلىق سىياسىي نازارەت قىلىش، مەخپىي تەشۋىقات قىلىش ھەمدە فالۇن گۇمپىسى قاتارلىق سەزگۈر تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.»(36) كانادا مانىتوبا ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Manitoba) دىكى بىر پروفېسسور ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خىتاي تىلى ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتچىلەرنى «بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە كۆزەتچىلىك قىلىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.(37)

خىتاي ھۆكۈمىتى كۇڭزى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ جاھانغا تارقىلىشىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ ۋە بۇنى خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ بارغانچە تەڭلىشىۋاتقانلىقىنىڭ مىساللىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. خىتاي خەلق گېزىتىنىڭ 2011-يىللىق مەلۇم سانىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:«كۈنىمىزدە خىتاي نېمىشقا بۇنچىۋالا دىققەتكە سازاۋەر بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى خىتاينىڭ توختاۋسىز ئېشىۋاتقان كۈچىدۇر ... بۈگۈن بىز دۇنيا بىلەن، غەرب بىلەن تامامەن يېڭىچە بىر خىل مۇناسىۋەت ئۇستىدىمىز. ئەمدىلىكتە بىز ئۇلارنىڭ رەھىم شەپقىتىگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە بىز بارغانچە كۈچىيىپ ئۇلارنىڭ تەڭدىشىغا ئايلانماقتىمىز.»(38) خىتاي رەھبەرلىرى غەربنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كەلگەندىكى دائىمىي ئىنكاسىغا ئوخشاش، خىتاي ھۆكۈمىتى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى تەنقىدلىگۈچىلەرگە تاجاۋۇزچىلار ياكى ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتقۇچىلار دەپ چۈشۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئەن-

گىلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى 2012-يىلى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«بەزى كىشىلەر كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشىنى كۆرۈشتىن ئارامسىزلىنىدۇ. ئۇلار ۋاقتى ئۆتكەن <سوغۇق ئۇرۇش> ئىدىيىسىگە مەھكۇم بولغۇچىلاردۇر.»(39)

ئۇنىۋېرسىتېتلارغا غەلىبىلىك ھالدا سىڭىپ كىرگەن كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرى ئەمدىلىكتە ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قورۇشقا ئاتلانماقتا. خىتايلار ئاۋستىرالىيەدە «خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتى» راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك مەكتەپلەرگە 200 مىڭ دوللاردىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتتى. بۇ پۇل بىر چەكلىمە خاراكتېرلىك كېلىشىم بەدىلىگە كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى ياكى كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىقلارنى پاراڭ تېمىسى قىلىشىغا يول قويماسلىقتۇر.(40) بۇنىڭ ئورنىغا، ئوقۇغۇچىلار چەتكە قېقىشقا ئۇچراپ كەلگەن خىتاينى بارلىق كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى ئازرۇلايدىغان تىنچلىقپەرۋەر دۆلەت دەپ تونۇشى كېرەك.

## خىتاينى تەنقىد قىلغۇچىلارنى جازالاش

يەنە بىر تەرەپتە يامان خىتايغا گۇمان بىلەن ھەتتا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان غەربلىكلەر-يامان كىشىلەر بار. نۆۋەتتە بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تىزىملىكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى، ئۇيغۇر قانات ياكى سول قانات مۇتەخەسسىسلەر، كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. سول قاناتلاردىن مەشھۇرلىرى رىچارد گىرىغا ئوخشاش (Richard Gere) كىشىلىك ھوقۇق تەرغىباتچىلىرى، خىتايغا قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان نەنسي پېلوسى (Nancy Pelosi) قاتارلىقلار بار. ئوڭ قاناتلاردىن ئامېرىكاد دۆلەت مۇداپىئە قاتتىق قوللىرى، شۇنداقلا دونالد ترامپ (Donald Trump) قا ئوخشاش سودىنى قوغداش تەرغىباتچىلىرى بار. بۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «توڭلىتىلىدىغان»، گېزى كەلسە سەھنىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى مۇمكىن بولغان كىشىلەردۇر. بۇلاردىن بەزىلىرىگە خىتاي ۋىزا بېرىشنى رەت قىلغان، باشقىلىرى بولسا (خىتاي ھۆكۈمىتى ھەققىدە) ئۇچۇرغا ئېرىشىشتىن ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا يېقىنلىشىشتىن چەكلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىلمي ئىزدىنىشلىرىنى ياكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئېنگىلىز ۋە خىتاي تىللىرىدا ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە بلوگلارنىڭ قۇرۇلۇشى رىغبەتلەندۈرۈلدى، بەزى ھاللاردا بۇ خىلدىكى بلوگلار قۇرۇلدى. ئامېرىكا سىياسي سېستىمىسىدىكى خىتايشۇناس مۇتەخەسسىسلەر كۆپ قېتىم ماڭا دەپ بېرىشچە، ئامېرىكادىكى ئوڭچى ۋە سولچىلارنىڭ خىتايدىن گۇمانلىنىپ «بۈيۈك ئىتتىپاق» شەكىللەندۈرۈشى خىتاينىڭ قارا نىيىتىنى بىلىپ يېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان ئېھتىمالدىكى بىر ئىش ئىدى. ئۇلار خىتاينىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستىراتېگىيىسىگە دىققەت قىلىشتىن بەكراق، بىرى-بىرىنى ئۆچ كۆرۈشەتتى.

خىتاي توغرىسىدا مەلۇمات بېرىشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان كىشىلەر دەل خىتاي ۋىزىسى بېرىلىشى چەكلەنگەن ئاكادېمىك، مۇخبىر ۋە يازغۇچىلار ئىكەنلىكى خىتاي ئالىملىرىغا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېنىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. يۇقارقى ساھەدىكى باشقا ئامېرىكالىقلار بولسا خىتايغا بېرىپ كېلىپ تۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە خىتاي بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار بەلكىم دالاي لامانى ماختاشتىن ساقلىنىشى ياكى تەيۋەن توغرۇلۇق بېيجىڭنى غەزەبلەندۈرىدىغان شەكىلدە سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىشتىن ساقلىنىشى مۇمكىن. «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى» 2013-يىلى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنۇلارنى خەۋەر قىلغان:«چۈنكى، خىتاي ھېچبىر زامان ئۆزلىرىنىڭ ۋىزا بېرىشنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەبىنى دېمەيدۇ، ياكى قايسى خىل ئوقۇش مۇكاپاتىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى بايان قىلمايدۇ. نەتىجىدە (چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا) ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ۋە تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ تارىيىپ كېتىشتەك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.»(41)

ئامېرىكادىكى مۆھتىرەم خىتايشۇناس ئالىملاردىن بىرى بولغان پېرىي لىڭكىنىڭ (Perry Link) ئون سەككىز يىلدىن بېرى خىتايغا كىرىشى چەكلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە ماقالە يېزىشنى رەت قىلغانلىقىدۇر. لىڭك مۇنداق دەيدۇ:«ئامېرىكا خەلقىنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى چوڭ، بۇنى توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئارىسىدا شىفىرلىق سۆز-جۈملىلەرنى ۋە ۋاستىلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بېيجىڭنىڭ تەلەپلىرىدىن قېچىش نورمال ئىش دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى چوڭقۇر سىستېمىلاشقان. مەسىلەن، ئۇلاردىن بىرى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» دېمەيدۇ. بۇ «ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى» دۇر. ئۇلاردىن بىرى خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى ليۇشياۋبونى تىلغا ئالمايدۇ... ھەتتا، «ئازادلىق» دېگەن سۆزنىڭ 1949-يىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.»(42) شىفىرلىق سۆز-جۈملىلەرنى ئاكادېمىكلار چۈشىنىدۇ. لىڭك قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«بىراق، ئالىملار قوللانغان بۇ خىل شىفىرلىق سۆز جۈملىلەرنىڭ ئوبيېكتى ئاۋام-خەلق بولغىنىدا، ئاۋام 1949 نىڭ ھەقىقەتەن ئازادلىق ئىكەنلىكى، تەيۋەن مۇستەقىللىقى دېگەننىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىقى يوق ئىش ئىكەنلىكى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبىنىڭ تۈرمىدە يېتىشىنىڭ راستتىنلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىدەك چۈشەنچىلەردە بولىدۇ.»(43)

مەن ئاكادېمىكلارغا قارىتىلغان «بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ» مۇئامىلىسى ئارقىلىق ئىش ھەل قىلىش توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئېرىشكەن بولدۇم. 1980-، 1990-يىللاردا مەن خىتايغا قورال-ياراق سېتىپ بېرىشنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسچىسى بولغان، ھەمدە ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتىكى گەۋدىلىك شەخسلەردىن بىرى دەپ قارىلىدىغان چاغلىرىمدا خىتايدا قىزغىن قارشى ئېلىناتتىم. ئۇ چاغلاردا ماڭا خىتاي ئەقىل بەرگۈچىلىرى، ئالىملىرى، ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن شەخسلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشالايتتىم. زىيارەتتىكى ئالىم سۈپىتىدە خىتايغا كىرىشىمگە رۇخسەت قىلى-

قىلىناتتى. ھالبۇكى، 2006-يىلى سىنتەبىرگە كەلگەندە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مېنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىدە خىتايغا بولغان گۇمانىي پوزىتسىيەمنىڭ بارغانچە كۈچىيىشى مېنى ۋال كوچىسى ژۇرنىلىنىڭ داڭلىق كىشىسىگە ئايلاندۇردى. (بۇ ھەقتىكى) ماقالىنىڭ قاراتمىلىقى باشلىنىشىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى:«بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى تەسىرى كۈچلۈك مەسلىھەتچى ۋە سابىق خىتاي مەپتۇنى مايكىل پىلزبېرى شۇنداق قارايدۇ: كۆپ ساندىكى ئامېرىكالىقلار خىتاي توغرىسىدا خاتالاشتى. ئۇلار خىتاينى ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى نىشان قىلغان يېقىملىق دۆلەت دەپ قارايدۇ. پىلىسبىرىي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنى، مەركىزى ئىستىخبارات ئاگېنتلىقىنى، كۆپچىلىك ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى ۋە كۆپ ساندىكى ئامېرىكالىق خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنى «مۇشۇك ئېيىقنى باغرىغا باسقۇچىلار» دەپ تەنقىدلەيدۇ. پىلزبېرى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭمۇ ئۇلار چۈشكەن قاپقانغا چۈشمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا.»(42)

مەن ۋال كوچىسى گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالەمدە شۇنداق يازغان ئىدىم: «بېيجىڭ ئامېرىكانى ساقلانغىلى بولمايدىغان دۈشمەن دەپ قارايدۇ. بىز بۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماي، ئېتىبارسىز قارىماقتىمىز.» ماقالىنىڭ باشقا يېرىدە مۇنداق دېگەن ئىدىم: «بىز ئەڭ كامىدا خىتاينىڭ خىيالىنى چۈشىنىشكە تەرەددۇت قىلمىغانلىقىمىزنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. يەنە شۇنىمۇ تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، بىز دۆلىتىمىز تارىخىدا بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خىرىس بولۇشى مۇمكىن بولغان خىتاي بىلەن دوقۇرۇشتۇق.»(45) بۇ قۇرلارنى بېيجىڭدىكىلەرنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى دەپ ئولتۇرۇشىمىز ئارتۇقچە.

بۇ قۇرلار ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بېيجىڭنىڭ «غەزىپىگە» دۇچ كەلدىم. مېنىڭ خىتاي گېنىراللىرى ۋە ئاكادېمىكلىرى بىلەن بولغان باردى-كەلدىم ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىن شۇنى بىلدىمكى، خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى قوللىغۇچى-

لىرى، يەنى مەن «ۋال كوچىسى گېزىتى»دە «مۇشۇك ئېيىقنى باغرىغا باسقۇچىلار» دەپ ئاتىغا شەخسلەر خىتاي مۇخاتىپلىرىنى ئىزدەپ، مېنىڭ خىتايغا قەدەم بېسىشىمنىڭ چەكلىنىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىكەن. بىر چاغلاردا مەن زىيارەتتىكى ئالىم سۈپىتىدە نورمال رەۋىشتەم ئالالايدىغان ۋىزام، ئەمدىلىكتە چەكلەنگەن ئىدى. كەلگۈسىدە خىتايغا بارالىشىم ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن رەسمىي يوسۇندىكى دىپلوماتىك ئىسپات ئالىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدىم. مېنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىم بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىلىشكە باشلىدى. خىتايدا ياشايدىغان «دوستلىرىم» دىن بەزىلىرى مەن بىلەن ئىككىنچىلەپ ئالاقىلاشمىدى. مېنىڭ ئالىملىقىمنى ۋە خىتاي توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى ئېتىبارسىزلاش جەھەتتە خىلمۇ-خىل ئۇرۇنۇشلار مەيدانغا چىقتى.

مانا بۇ مېنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان دۇچ كەلگەنلىرىم. ئارقىدىن، **2013**-يىلى بىر غەيرى ئىش يۈز بەردى. مەن يەنە بىر نۆۋەت خىتاي ۋىزىسىغا ئىلتىماس قىلغىنىمدا، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ماڭا خىتاي ۋىزىسى بېرىلدى. بۇ ئالتە يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمنى تۇنجى قېتىملىق تەستىقلىشى ئىدى. (بۇ قېتىملىق زىيارىتىمدە) يەنە تېخى، مەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنراللىرى بىلەن چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىندىم. مەن يەنە بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان جەنۇبىي دېڭىز توغرىسىدىكى مۇنازىرە يىغىنىغىمۇ تەكلىپ قىلىندىم. يىغىنلاردىن بىرىدە، مەن نەچچە يىللاپ كۆرمىگەن نۇرغۇنلىغان خىتاي ئەمەلدارلىرى يېنىمغا كېلىپ ماڭا سالام بەردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى گېنراللىرىدىن ئىككى كىشى ماڭا **1970**-ۋە **1980**-يىللاردا خىتاي ئۈچۈن «بۈيۈك تۆھپە قوشقانلىقىم»نى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ خىلدىكى تۆھپىلەرنى قوشۇشىمنى ئېيتتى.

– مەن بەكلا ھەيران قالدىم، سەن بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسەن؟ – ئامېرىكاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىتايدىن يۈز ئۆرىگەن بىر دوستۇمدىن مۇشۇنداق سورىدىم.

– سىزدىن بىر ئىشنى سوراي،– دېدى ئۇ جاۋابەن، – سىز كىتابىڭىز (مۇشۇ «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابىمنى دېمەكچى) توغرۇلۇق ئېلخەتتە بىرەر گەپ سۆز قىلىپ باققانمىدىڭىز؟

– شۇنداق،– دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ.

– مانا بۇ سىز دۇچ كەلگەن ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

خىتاينىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدە ھەر قانداق ئامېرىكالىق تىزلاندۇرغىلى بولمايدىغان ياكى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان شەخش دەپ قارالمايدۇ. قۇلاق كەستى شەخسلەر كۆچلۈك بېسىم ۋە سۆيۈنچىلەر ئالدىدا گەپ ئاڭلايدىغان شەخسلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. خىتايلار ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، شۇنداقلا مېنىڭ خىتايغا بېرىشىمغا يول قويسا، مېنىڭ مۇشۇ كىتابنى يېزىشىمنى يۇمشاقراق قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدۇ دەپ قاراپ، مەن بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا قىمار ئوينىغان ئىكەن.

خىتاي رەھبەرلىرى ئۆز ئوبرازىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋەھشىيانە ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا بولۇشنى خالىمايدىغان سىياقتا نامايان بولىدۇ. (ھالبۇكى) تىبەتتىكى بۇددىست راھىبلار خىتاينىڭ تىبەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىدىن ئۈچۈر بېرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەنبەلەردىن بىرىدۇر. ئۇلار بۇ كۈنلەردە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ دائىملىق كۆزىتىش نىشانىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ھاۋا ھۇجۇملىرىنىڭ تەھدىدىگە ئۇچرىغان.**(46)** بۇنى ئىپادىلەيدىغان كەڭ دائىرىلىك پروگراممىلارمۇ خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرى خادىملىرى تەرىپىدىن رويابقا چىقماقتا. بەزى ئانالىزچىلارنىڭ مۆلچەرىچە، ئامېرىكادا يەتتە مىڭدىن كۆپرەك خىتاي مۇخبىرى خىزمەت قىلماقتا ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى «تەشۋىقاتچى» سۈپىتىدە خىتاي ياخشى كۆرىدىغان ئىدىيەلەرنى بازارغا سالىدىكەن، ۋەياكى خىتاي ئىستىخباراتىغا ۋاكالەتەن ئامېرىكادىكى خىتايغا يامان نەزەردە قارىغۇچىلار دەپ قارالغان كىشىلەرگە كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. **(47)**

خەلقئارالىق مېدىياغا ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ

يېقىنقى تەتقىقاتلىرىدىن بىرىدە بايقىلىشىچە، «خىتاينىڭ مېدىيا چەكلىمىسى خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ دوكلاتلىرىغا ۋە خىزمەتلىرىگە كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۆرسەتمەكتە» ئىكەن.(48) كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەتقىقات دوكلاتىدا خىتاي غەرب مېدىيالىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ياكى كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللانغان تۆت ئاساسلىق ئىستراتېگىيەنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «**Business Insider**» نىڭ **2013**-يىلىدىكى **5**-سانىدا بۇ تۆت نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنغان:

بىۋاسىتە ھەرىكەت: خىتاينىڭ ئىچى سىرتىدىكى خىتاي دىپلوماتلار، يەرلىك ئەمەلدارلار، بىخەتەرلىك كۈچلىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەر قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاخباراتچىلارنىڭ (خىتايدىن) ئاخبارات توپلىشىنى چەكلەش، سەلبىي مەزمۇنلارنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى چەكلەش، شۇنداقلا چەكلىمىگە رىئايە قىلمىغان چەتئەل ئاخبارات ۋاستىلىرىنى جازالاش.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جازا-مۇكاپات: بۇ ئارقىلىق خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىرتىدىكى مېدىيا شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىنى روياپقا چىقىرىش.

ۋاستىلىك بېسىم ئىشلىتىش: ئېلان سودىگەرلىرى، سۇنئىي ھەمراھ شىركەتلىرى، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى قاتارلىقنىڭ قولى ئارقىلىق بېيجىڭنى تەنقىدلەيدىغان مەزمۇنلارنى چەكلەش ياكى جازالاش.

تور ھۇجۇمى ياكى فىزىكىلىق ھۇجۇم قوزغاش: بۇ خىتاي مەركىزى دائىرىلىرىدىن گۇمانلىنىشقا ئېلىپ بارمايدۇ، بىراق پارتىيەنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.(49

خىتايدىكى كۆپلىگەن چەتئەللىك مۇخبىرلار يازغان ۋە سۆزلىگەن ھەر قانداق مەزمۇن، ئۇلارنىڭ تېلېفون ئالاقىلىرى ۋە ئېلخەت ئۆچۈرلىرى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنى راھەتسىز قىلىدىغان ھەر قانداق خەۋەردىن كېيىن، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تور ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلدى. ۋال كوچىسى ژۇرنىلى ۋە **CNN** مۇ شۇنداق بولدى. **2013**-يىلى فېۋرالدا، **Twitter** شۇنداق بايانات بەردىكى، **250** مىڭ ئەتراپىدىكى **Twitter** ئەزاسى نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىغا ئوخشاشلا، خىتاينىڭ ھۇجۇمىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىغۇچىلىرى بولۇپ قالغان.

ئون پىرسەنت ئەتراپىدىكى بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ بايانىچە، ئۇلار **2013**-يىلى ئۆزى تارقاتقان خەۋەرلەر سەۋەبلىك ياكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرىنى تارقاتقانلىقى سەۋەبلىك ئاخباراتچىلىق تەستىقنى ئېلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان.(**51**) خىتاي ھۆكۈمىتى «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ بېيجىڭ تارمىقى دىرېكتورى ئاندرېۋ ھىگىنسقا **2009**-يىلىدىن بۇيا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلغان. ھىگىنس **1991**-يىلى خىتاي ئۆكتىچىلىرىنى ماختاپ خەۋەر بېرىشىدىن كېيىن خىتاي چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىتايدا تۇرۇپ خەۋەر بېرىشىگە يول قويۇلمىغان.(**52**) «خرىستىئان پەن-تېخنىكا كۆزنىكى گېزىتى» **2011**-يىلىدىكى ئاتالمىش «ياسىمەن گۈلى ئىنقىلابى»دا مالىمانچىلىق ھەققىدىكى ئاخباراتلارنىڭ باستۇرۇلۇشى ھەققىدە مۇنداق خەۋەر بەرگەن:

خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللىك مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا مالىمانچىلىقنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئېيتقان. بەزى ئەھۋاللاردا ساقچىلار مۇخبىرلارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا بېسىپ ئەگەر بۇ مالىمانچىلىقنى ئاشكارىلىسا، ئۇلارغا ۋىزا بېرىشنىڭ پۈتۈنلەي توختىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى يەتكۈزگەن. مۇخبىر پائۇل مۇنىينىڭ (**Paul Mooney**) بايانىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ خىتايدىكى نوپۇزىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىگە قارىماي، (خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قارىشىلىقىغا قارىماستىن) بۇنداق خەۋەرنى (خىتايدىكى ھاياتىدا) تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان ئىكەن.(**53**)

پائۇل مۇنىي خىتاي (توغرىسىدىكى سەلبىي خەۋەرلەر) نى ئون سەككىز يىل يوشۇرغان بولۇشىغا قارىماستىن، (شۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنى ئاشكارىلىشىدىن كېيىن) ئۇنىڭ خىتاي چېگرىسىدىن ئاتلىنىشىمۇ ئوخشاشلا چەكلەندى. مۇنىي خىتايدىكى چىرىكلىك، مۇھىت بۇلغىنىشى، راك كېسىلى ۋە ئەيدىز كەنتى قاتار-

لىقلارغا قادالغاندىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرىنى دەرغەزەپ قىلغانلىقى ئېنىق.(54)

مۇنىي، ئاندرۇ ھىگىس ۋە مېلىسا چەنگە ئوخشاشلا، خىتاي تەرىپىدىن خەۋەرلىرى شۇملۇق چىللايدۇ دەپ قارالغانلىقتىن خىتايدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلانغان ياكى خىتاي چېگرىسىدىن كىرىشى چەكلەنگەن چەتئەللىك مۇخبىرلاردىن بىرىدۇر.(55) «ئەلجەزىرە»نىڭ ئېنگلىز تىلى قانىلى مۇخبىرى مېلىسا چەن (**Melissa Chan**) ئون تۆت يىلدىن بۇيان خىتاي تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان چەتئەللىك مۇخبىردۇر. «ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» نىڭ تەكتىلىگىنىدەك، باشقا كۆپلىگەن مۇخبىرلار «خىتاي چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش بىلەن تەھدىت قىلىندى، يەنە بەزى مۇخبىرلارنىڭ ۋىزا ئېلىشى بولسا ئۇزۇن مۇددەت ئارقىغا سۈرۈلدى.»(56)

بلۇمبېرگ خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ خىتاينىڭ يۇقارقىدەك تەھدىدىگە دۇچ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ خىتاي ھەققىدىكى (سەلبىي) خەۋەرلەرنى سۈزۈۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلدى.(57) بلۇمبېرگنىڭ مۇخبىرلىرى بۇ خىل ئەھۋالنى «ئاخبارات ئورگانلىرى تۆپرىقىغا قەدەم باسالىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزگەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى»گە سېلىشتۇرما قىلدى.(58) خىتايدا ئىنتېرنېت ساھەسىنىڭ باستۇرۇلۇشى ھەممىگە مەلۇملۇق ۋە كەڭ تارقالغان بىر ھادىسە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بايانىدىكىدەك:«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ رەقەملىك ئىمپېرىيەنى باشقۇرماقتا.»(59) خىتايدىكى جۇڭگو تېلگرافى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى قاتارلىق ئالاقە شىركەتلىرى شەكىللەندۈرگەن تور ئالاقىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرنېت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن نازارەت ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىش ئۇرۇنۇشى بىردەك ھالدا «سەددىچىن سېپىلى تىپىدىكى مۇداپىئە تېمى» دەپ قارالماقتا.(69) خىتاي دائىرىلىرى پۇخرالىرىنىڭ ئالاقە ۋاستىلىرىنى چەكلەپ قويۇشقا، ھەمدە مەخپىي شىفىر تۈزۈش تىرىشچانلىقلىرىنى توسۇۋېلىشقا قادىر. «شۇنداقلا، ئىجتىمائىي تور، ئۇچۇر-ئالاقە دېتاللىرى ۋە ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئاۋازلىق پاراڭلىشىش قاتارلىقلاردىمۇ نازارەت قىلىش مەۋجۇت.»(60) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بلوگېرلار دائىملا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ، بەزى ھاللاردا تۇتۇپ كېتىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق غەربتىكى مۇخبىرلارغا ئۇچۇر يوللاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ.

خىتايلار يەنە غەربتىكى كۈچلۈك كارخانىلاردىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمدەم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 2006-يىلى خىتايدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تويوتا، ئالما، نوكىيا قاتارلىق ئىككى يۈزدىن كۆپ ھەر قايسى دۆلەت شىركەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سۈپەتلىك ماركىلارنى قوغداش كومىتېتى ئۆز ئەزالىرىغا ئۇچۇر ئەۋەتىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ شىركەتنىڭ خىتايدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىتاي قۇرغان مۇداپىئە تېمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز شىركىتىنىڭ چەتئەلدىكى باشقا تارماقلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارنى ساقچىلارنىڭ ئىزدەپ كېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان.(62)

ئالما شىركىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىكى خىتايغا ياقمايدىغان مەزمۇنلار بولغان تېلېۋىزىيە قاناللىرىغا، كىتابخانىلارغا ئالاقىدار يۇمشاق دېتاللارنى ياكى ئۇلانمىلارنى يوق قىلىش تەلىپىگە ئامالسىز ماقۇل بولغان. ئالما شىركىتى يىللاردىن بېرى ئالما تېلېفونلىرىنىڭ «خىتاي كۆچمە تېلگرافى» مەخسۇس دۇكانلىرىدا سېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختام ئىمزالاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. فرانسىيەنىڭ سۈنئىي ھەمراھ بىلەن تەمىنلىگۈچى كارخانىسى **Eutelstat** ، تاكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن خىتاي خېرىدارلار بىلەن ھەمكارلىشىش تەلەپ قىلىنغانغا، يەنى 2005-يىلىغا قەدەر خىتايغا قارشى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھېسابلانغان **NTDTV** (يېڭى تاڭلىقلار تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئامېرىكاغا جايلاشقان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىبىگە چۈشمىگەن، تاپاۋەت تاپمايدىغان، خىتاي تىلىدىكى تېلېۋىزىيە قانىلىدۇر-ت) بىلەن ھەمكارلىشىپ

كەلگەن.(63) NASDAQ مۇ ئوخشاشلا خىتاينىڭ بېسىمىغا ئامالسىز باش ئەگكەن. خەۋەرلەردىن بىردە ئاشكارىلىنىشىچە:

2007-يىلى، 1-ئايدا بۇ شىركەتنىڭ ئامېرىكا پۇخراسى ھېسابلانغان بىر ۋەكىلى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن چاقىرتىلىپ NTDTV نىڭ نيۇيوركتىكى ئىشخانىسىدا خەۋەر بېرىۋاتقان بىر خادىمى توغرۇلۇق سوراق قىلىنغان. ئۇ شۇ كۈنى قويۇپ بېرىلگەن، بىراق «خىتاي دائىرىلىرىگە NASDAQ نىڭ NTDTV نىڭ باش شتابىدا خەۋەر بېرىشىگە ئەمدى ھەرگىز يول قويماسلىققا ۋەدە بېرىشكە» مەجبۇرلانغان.

2007-يىلى ئىككىنچى ئايدا، NTDTV نىڭ مۇخبىرى NASDAQ نىڭ باش شتابىدىن خەۋەر بېرىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقاندىن كېيىن، تۇساتتىنلا NASDAQ نىڭ باش  شتابىغا كىرىشتىن توسۇلغان. بۇ تېلۋېزىيە ئىستانسىسى بۇ ئۆزگۈرۈشكە سەۋەب بولغان نەرسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، بىراق 2012-يىلى ئاشكارىلانغان تېلگىراممىا سەۋەبلىك، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. NTDTV نىڭ چەتكە قېقىلىشىدىن بىر مەزگىل ئۆتە-ئۆتمەيلا، NASDAQ خىتايدا ئۆزىنىڭ تۇنجى ۋاكالەتچىلىك ئىشخانىسىنى ئېچىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن.(64)

ۋال كوچىسى ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىلىدىكى بايانى بويىچە ئېيتقاندا: «ئالما شىركىتى» ۋە «ۋولكسۋاگېن ئاپتوموبىل شىركىتى» نۆۋەتتە خىتايدا دۇچ كېلىۋاتقان ئاۋارچىلىقلار دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ بارغانچە خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي ئىقتىسادىغا بولغان بېقىندىچىلىقى ئۇلارنى بېيجىڭنىڭ ئۆزگۈرۈشچان قاش-قاپىقىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بەزى ھاللاردا، چەتئەل شىركەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى مېدىيالىرى تەرىپىدىن سېپىستىلىدۇ. يەنە بەزىدە بولسا، ئۇلار خىتاينىڭ نازارەت ئورگانلىرىنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى كېلىپ قالىدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان سوۋغاتلارغا چەكقويىدىغان چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى مۇشۇنىڭ جۈملىسىندۇر.(65)

خىتايچە خەۋەر تور بېتى «بوشۇن» تورى قەرەللىك ھالدا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى خەۋەر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ تور بەتنىڭ قۇرغۇچىسى مېي سۇن فېڭ مۇنداق دەيدۇ:«ئامېرىكادىكى ھەر قانداق چوڭ شىركەتلەر، ھەتتە بېيجىڭدا ئىشخانىسى بار فوندلارمۇ بىز بىلەن باردى-كەلدى قىلىدۇ. خىتاي (چەتئەلدىكى) ئىقتىسادىي ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئىزىغا چۈشىدۇ. ئاندىن ئۇ ياردەم قىلغۇچىلار خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلغان تېلفونغا دۇچ كېلىدۇ.»(66)

پىكىرنى كونترول قىلىش، پايدىلىق ئۇچۇلارنى يەتكۈزگۈچىلەرنى تارتۇۋىلاش، ئۆزى بىلەن ئوخشاش مۇقامدا توۋلىمىغۇچىلارنى جازالاش قاتارلىق بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردىن ئۆلگە ئېلىنغان تەدبىرلەردۇر. كونا زوراۋان كۈچنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى ئۈچۈن كېتىدىغان نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان جەريانلار مابەينىدە مۇشاۋىرلار پاسىبانلىرىغا بېرىدىغان ئىستراتېگىيە توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ئاددىي مەسلەھەتلەر دائىملا رەقىب دۆلەتتىكى قاتتىق قوللار بىلەن مۆتىدىللەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى مۆلچەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلاردا ھەممە يەردە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان، ھەر قانداق ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان چارە تەدبىرلەر يوق. مەقسەت دائىملا دۈشمەننىڭ پىلانىنى بىتچىت قىلىشتۇر. دۈشمەننىڭ مەۋجۇت گىئوپولىتىك ۋەزىيەتنى توغرا شەكىلدە كۆرۈپ يېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشتۇر. ناۋادا دۈشمەن پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى سەندىن بۇرۇن كۆرۈۋېلىپلا قالسا، سەن شاھمات تاختىسىغا ئۆز ئۇرۇقلىرىڭنى كۆڭۈلدىكىدەك تىزالماي قالىسەن.

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېسىلىدۇ. بوشلۇق ئېھتىياجى بىلەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى. ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاپنىڭ 268 - 275 بەتلىرىگە قارالسۇن)**

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار :

**ھېكمەتيار ئىبراھىم**

**ئەنۋەر قاراقۇرۇم**



# ئاللاھ سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى

دوكتور ئابدۇللاھ س. ئەششەھرى

كىشىلەردە ئاللاھ پەقەت ئەرەبلەرنىڭ ئىلاھى ياكى ئاللاھ پەقەت ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە ئىلاھ دەيدىغان خاتا بىر كۆز قاراش بار(1). لېكىن بىز تارقىلىشچانلىقى كەڭ بولغان « كولليىنس ئېنگىلىزچە لۇغىتى» گە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ ئىسلامدىكى ئىلاھنىڭ نامى، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىنى بايقايمىز(2). « تورىنداييك بارنخارت» لۇغىتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان شەكىلدە:« خۇدانىڭ ياكى ئەڭ بۈيۈك ئىلاھنىڭ مۇسۇلمانچە نامىدۇر» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن(3). بىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، بۇلاردا مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا شەكىلدە بولسۇن ئەرەبنىڭ ئىلاھى دېيىلمىگەن. پروفېسور فىرانسىس ئې پېتىر (1927) ئېنىق قىلىپ:« خۇدانىڭ ئەرەبچە ئىسمى بولغان ئاللاھ ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىسالارغا ئورتاق بولغان خۇدانىڭ نامىدۇر(4)، » دەيدۇ.

گىلبېرت رېيىت (1857-1927) مۇنداق دەيدۇ:« ئىسلام دىنىدىكى ئىلاھ بىر قەبىلىنىڭ خۇداسى بولماستىن بەلكى، پۈتۈن ئالەمنىڭ ۋە يارالمىشنىڭ خۇداسىدۇر. ئۇ پەقەت ئىبراھىم ياكى ئىسرائىللارنىڭ خۇداسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ خۇداسىدۇر(5).»

خاتا چۈشىنىشلەرنى مۇسا ۋە ئىسالارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىي ۋە ئەرمەنى تىللىرىدىكى ئاللاھ دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق ئوڭشاشقا بولىدۇ(6).

ئەرمەنچە، ئىبرانىيچە ۋە ئەرەبچە تۇغقان تىللار بولۇپ، ئۇچىلىسى سېمىت تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ(7). بۇ ئۈچ تىل بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن تىللار بولۇپ، بۇلارنى بىر تىلنىڭ ئۈچ دىئالېكتى دېسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ . ئەرەبچىدىكى ئاللاھ ئىبرانىيچىدا ئېلوھا، ئەرمەنچىدە ئالاھا دېيىلىدۇ(8). كىچىككىنە

پەرقنى ھېساپلىمىغاندا، بۇ ئۈچ تىلدا ئاللاھ سۆزى ئوخشاش سۆز تومۇردىن ياسالغاندۇر.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان ، ئىلگىرى مېتودىتس چىركاۋىغا پوپ بولغان دوكتور جېرولد دىركس :« 'ئاللاھ' سۆزى پەقەت قۇرئانغىلا ئەمەس، ئىنجىل ئەنئەنىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ» دەيدۇ.(9).

ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئەرەبچە ۋە ئەرمەنچە ئوخشاش تىلدۇر. بۇ ئىككى تىل بىلەن ئىبرانىيچىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇقتۇر. ئۇلار ئايرىم تىل بولماستىن بەلكى ئۆزئارا چۈشەنگىلى بولىدىغان دىئالېكتلاردۇر(10). ئەگەر بىر تەرەپنىڭ سۆزلىگەن تىلىنى يەنە بىر تەرەپ چۈشىنەلىسە، بۇنى تىلشۇناسلىقتا چۈشەنگىلى بولىدىغان دىئالېكتلار دەپ ئاتايدۇ(11). ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەبچە ، ئىبرانىيچە ۋە ئەرمەنچىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ دىئالېكتنىڭ ئارىسىدىكى «ئارىلىق» ناھايىتى تاردۇر. تىلشۇناسلىقتىكى ئارىلىق ئاتالغۇسى ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشايدىغان دىئالېكتلەرگە تەۋە رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگرالىرىغا قارىتىلغاندۇر(12). يۇزلىگەن سۆزلەر ۋە تىل شەكىللىرى بۇ ئۈچ دىئالېكتنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر. گەرچە بىز ئۇلارنى ئوخشىمىغان ئۈچ خىل تىل دەپ قارىساقمۇ ،لېكىن بىز ئۇلارنىڭ تۇغقان تىل ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئەگەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تىللار ئوخشاش مەنبەدىن تارالغان بولسا، بىز ئۇلارنى تۇغقان تىللار دەپ ئاتايمىز(13).

ئىزاھاتلار:


Dr. Ash-Shehri, Abdullah S. The Only Way Out: www.islamhouse.com, 2014. Web. 7 apr 2014.

1-I Islam A Mosaic, Not A Monolith, noterar Vartan Gregorian att ”de flesta amerikaner tror att islam uteslutande är en religion för araber.” Gregorian korrigerar: ”Muslimer är så olika som mänskligheten själv då de representerar en av fem personer i världen, medan araberna endast utgör 15 procent av världens 1,2 miljarder muslimer”. (Gregorianska, V. (2003) Islam A Mosaic, not A Monolith, Brooking Institution Press, Washington DC, s. 2.). [↩]
2-Collins English Dictionary & Thesaurus, s. 30, Harper Collins, 1999. [↩]
3-Thorndike Barnhart Ordbok, Harper Collins. [↩]
4-F.E. Peters (1994) A Reader on Classical Islam, Princeton University Press, s. 3. [↩]
5-Reid, Gilbert (1916) Islam, An Appreciation. The Biblical World, vol. 48, nr 1, s. 9-10. Det är värt att tillägga att flera verser i Koranen börjar med den vokativa frasen ”Människor! Tillbe er Herre, som har skapat er och dem som levde före er.” (2:21). [↩]
6-Se: Le Blank (1999) The Bible Led Me to Islam, al-Attique Publishers Inc, Kanada. [↩] 7-Crystal, D. (1992) An Encyclopedic Dictionary of Language and Languages, Penguin Books, s. 25, Matthews, PH (1997) Oxford Concise Dictionary of Linguistics, Oxford University Press, s. 336. [↩]
8-Bowker, John (1997) The Oxford Dictionary of World Religions, Oxford University Press, s. 48. [↩]
9-Dirks, JF (2001) The Cross & The Crescent, Amana publications, USA, s.177. [↩]
10-Se Shaheen (1993: s. 220-221) där han kommer fram till liknande slutsatser. (Shaheen, Abdulsaboor (1993) On General Linguistics, al-Risalah Publishers, Libanon). [↩]
11-Crystal, D. (1992) An Encyclopedic Dictionary of Language and Languages, Penguin Books, s. 260. [↩]
12-Ibid, s.197. [↩]
13-Matthews, PH (1997) Oxford Concise Dictionary of Linguistics, Oxford University Press, s. 58. [↩]

https://islam.se/gudssyn/guds-namn


**شىۋېتچىدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت تەرجىمە قىلغان**




# ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى

جوسىف خاللنان

1784 – يىلى، بېنجامىن فىرانكىلىن (Benjamin Franklin) فىرانسىيەدە بىر كومىتېتقا باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇخلىتىش (گىپنوز)نىڭ سىرلىق كۈچىنى تەتقىق قىلغان ۋە كومىتېتنىڭ ئاخىرقى دوكلاتىغا «ئۈمىد ئىنسان هاياتىنىڭ زۆرۈر تەركىبى قىسمى» دەپ يازغانىدى.

كېيىنكى تەتقىقاتلار بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىدى.

جون خوپكىنىس تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى (Ilan Wittstein) ئىلان ۋىتتىستېيىن 2012-يىلى NBC (ئامېرىكا دۆلەتلىك تارقىتىش شىركىتى) گە قىلغان سۆزىدە «ئەگەر مەندىن <ئىنسان ئۈمىدسىزلىك سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟> دەپ سورالسا، <شەكسىز شۇنداق بولىدۇ> دەپ جاۋاب بېرىمەن» دېگەنىدى. ۋىتتىستېيىن يىللار بويى «ئۈمىدسىزلىك ئۇنىۋېرسال كېسىلى»نى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ بۇ هەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسى 2005 – يىلى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، كەڭ كۆلەمدە نەقىل قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ بايقاشلىرىغا ياندىشىپ، ئۆلۈم بىلەن چۈشكۈنلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدىغان باشقا تەتقىقاتلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. دانىيە ۋە ئامېرىكادىكى تەتقىقاتلاردا «ئانىلارنىڭ باللىرى ئۆلۈپ كەتكەن دەسلەپكى يىللاردا ئۆلۈپ كېتىش خەتىرىنىڭ باشقا ۋاقىتتىكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكى» بايقالغان. 2012 – يىلى، شىۋېتسىيەدىكى تەتقىقاتچىلار بىمارلارغا راك كېسىلى دەپ دىياگنوز قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يۈرەك كېسىلى سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلاپ كېتىدىغانلىقىنى؛ شۇنداقلا، راك كېسىلىگە قويۇلغان دىياگنوز قانچە ئېغىر، كېلەچەك قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىش خەتىرىنىڭمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

هالبۇكى، مەزكۇر تەتقىقات نۇرغۇن جەھەتتە جون خوپكىنىس تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋاپات بولغان تەتقىقاتچىسى كېرت رىكتېر (Curt Richter) نىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغان. كېرت رىكتېر 1950 – يىللىرى ئۆي چاشقىنى بىلەن ياۋا چاشقانلار توغرىسىدا قورقۇنچلۇق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆي چاشقىنىدىن ئون ئىككىنى يېرىمىغىچە سۇ قاچىلانغان ئەينەك شىشىگە بىر - بىرلەپ سالغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىشتىن ئاۋۋالقى سۇ ئۈزۈش (تىركىشىش) ۋاقتىنى ھېسابلاش ئىدى. سۇغا تاشلانغان تۇنجى چاشقان سۇ يۈزىدە بىردەم تىپىرلاپ يېقىپلا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن، ئاندىن شىشىنىڭ تېگىدە، شىشىنىڭ دىۋارىنى ھىدلىغىنىچە ئايلىنىشقا باشلىغان ۋە ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۆلگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئىككى چاشقانمۇ ئاساسەن ئوخشاش شەكىلدە ئۆلگەن. ئەمما، ھەيران قالارلىق يېرى، قالغان توققۇز چاشقان ئۇنچە ئاسان «تەسلىم» بولمىغان، ئۇلار سۇغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى سۇ يۈزىدە كۈنلەرچە ئۈزگەن.

ئاندىن سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ياۋا چاشقانلارغا نۆۋەت كەلگەن. رىكتېر تەجرىبىدە ئىشلەتكەن بۇ ياۋا چاشقانلار يېڭىلا تۇتۇلغان بولۇپ، ياۋايىلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغانىدى. رىكتېر بۇ چاشقانلارنى بىر – بىرلەپ سۇغا تاشلىغان، نەتىجىدە بۇ ياۋا چاشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك سۇغا كىرگەن نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا جېنىدىن ئايرىلىشى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان.

«بۇ چاشقانلارنىڭ ئۆلۈشىگە زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ نېمە دەپ رايىش ئۆي چاشقىنىدىن بىر نەچچىسى سۇغا كىرىپ بىردەمدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، قالغانلىرى خېلى ئۇزۇن تىركىشىدۇ – يۇ، ياۋا چاشقانلارنىڭ ھەممىسى سۇغا كىرىپ نەچچە مىنۇتتىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟» دەپ يازىدۇ ئۇ تەئەججۈپ ئىلكىدە.

بۇنىڭ جاۋابى «ئۈمىد» ئىدى.

«بۇ چاشقانلارنىڭ دۇچ كەلگىنى مۇشەققەتلىك كۈرەش ياكى قېچىش بولماستىن، بەلكى ئۈمىدسىزلىك ئىدى. يەنى ئۇلار قېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەچكە، دەسلەپىدىلا <ۋاز كەچكەن>دەك قىلاتتى» دەپ يازىدۇ ئۇ يەنە.

ئاندىن رىكتېر تەجرىبە شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇ يەنە باشقا چاشقانلارنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ يېرىمىغىچە سۇ قاچىلانغان شىشىلەرگە سالىدۇ. لېكىن، ئالدىنقى قېتىمقىسىغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ قېتىم چاشقانلار ئۈمىدىنى ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۇ چاشقانلارنى سۇدىن چىقىرىپ بىرئاز تۇرغۇزۇپ، ئاندىن قايتىدىن سۇغا سالىدۇ. «بۇ خىل ئۇسۇلدا، چاشقانلار ئەھۋالنىڭ ئۇ قەدەر ناچار ئەمەسلىكىنى تېزلا بىلىۋالدى» دەيدۇ ئۇ.

شۇنچىكى كىچىك ئۆزگىرىش سەۋەبلىك، تەجرىبە نەتىجىسىدە زور پەرق كۆرۈلگەن. ئارىلىقتا ئازراق «دەم ئېلىش» پۇرسىتىگە ئېرىشكەن چاشقانلارنىڭ سۇ ئۈزۈش ۋاقتى ئۇزارغان. شۇنداقلا، ئۇلار («دەم ئېلىش»تىن كېيىن) ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلگەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھالاك بولمايۋاتقانلىقىنى، ئەھۋالنىڭ ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەسلىكىنى، ئاللىكىملەرنىڭ ئۆزىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلگەندە، يەنى ئۇلار بەل قويۇۋەتمەي داۋاملىق سۇ ئۈزۈش ئۈچۈن بىر سەۋەب تاپقاندا، (ۋاز كېچىشنىڭ ئورنىغا) سۇ ئۈزۈشنى داۋاملاشتۇرغان.

«ئۈمىدسىزلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چاشقانلار ئىلگىرىكىدەك ئۆلۈپ كەتمىدى» دەيدۇ رىكتېر.

ئەلۋەتتە، ئىنسان بىلەن چاشقان ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر بولۇشى ئېنىق، ئەمما ئارىمىزدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئوخشاشلىق شۇكى، ھەممىمىز داۋاملىق سۇ ئۈزۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدىغان بىر سەۋەبكە موھتاج.

***

يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىلگەندەك، خۇشاللىق - قاي-غۇ، ئۈمىد – ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچ – چۈشكۈنلۈك دېگەندەك تۇرلۇك كەيپىيات، پىسخىكىلىق ئامىللارنىڭ ئىنساننىڭ ئىش – پائالىيەتلىرىگە، سالامەتلىك ئەھۋالىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق.

شۇنداقلا، بۇ تەسىرلەرنىڭ كونكرېت قانچىلىك،

قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئىشلەندى ۋە ئىشلەنمەكتە. يۇقىرىدا تونۇشۇپ چىققىنىمىزدەك، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ خىل تەجرىبىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ھايۋانلار (بولۇپمۇ چاشقان، ئىت دېگەندەك بىر قانچە تۈرلۈك ھايۋان) تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىنماقتا.

ھالبۇكى، ئىنسان بىلەن ھايۋان فىزىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتە بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىنسان مەنىۋىيەت، ئاڭ – تەپەككۇر جەھەتتە ھايۋانلاردىن تامامەن پەرقلىنىدىغان ۋە بەكلا مۇرەككەپ بولغاچقا، ھايۋانلار ئوبيېكت قىلىنغان بۇ خىل تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىلمىي يەكۈنلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغان – بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ خىل تەجرىبىلەرنى ئىشلەش زۆرۈرىيىتى بار – يوقلۇقى، بۇنىڭ ئىنسانىيلىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە پىسخولوگىيە ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. بىز ئالىملىكنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ خىل تەجرىبىلەرگە قارىتا سەلبىي پوزىتسىيە تۇتقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىنىمۇ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇشنى توغرا تاپتۇق.

ئامېرىكا كولورادا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېكولوگىيە ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات بىيولوگىيەسى فاكۇلتېتىدىن پېنسىيەگە چىققان پىروفېسسور دوكتور مارك بېكوف (Marc Bekoff)بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

يېقىندا جورجىيە شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «تەتقىقاتچىلار مېڭىنىڭ خورلاشقا قايتۇرغان ئىنكاسىدا جىنس پەرقى بارلىقىنى بايقىدى» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇدۇم.

مەزكۇر ماقالىدە ھايۋانلار سۇغا تاشلانغاندىن كېيىن، تىركىشىشتىن ۋاز كېچىشتىن ئىلگىرى قانچىلىك سۇ ئۈزىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىتا «سۇ ئۈزدۈرۈش سىنىقى» دەيدىغان بىر سىناقنىڭ قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، «سوغۇق بۇلاق پورتى تەجرىبىخانىسى» (Cold Spring Harbor Laboratory) نىڭ تەتقىقاتچىسى بو لى مەزكۇر تەتقىقات تۈرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ جەھەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىمىز. بىرى <مەجبۇرىي سۇ ئۈزدۈرۈش سىنىقى>، يەنە بىرى <تەكرار ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبلىك ۋاز كېچىش سىنىقى>دۇر. <تەكرار ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبلىك ۋاز كېچىش سىنىقى>دا چاشقاننىڭ ئۆزىنى بىئارام قىلىدىغان مۇھىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانچىلىك تىركىشىدىغانلىقى ئۆلچىنىدۇ. مەزكۇر سىناقتا ھايۋانلارنىڭ بىئارام قىلغان مۇھىتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك توسالغۇ بار بولىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شۇ خىل مۇھىتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك ئامىل (ئۈمىد) كەمچىل بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ جەھەتتە يەنە «پۈتۈن ھۆجەيرە دىئافراگما قىسقۇچى» دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ، بۇ جەرياندا چاشقاننىڭ مېڭىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، نېپىز قىلىپ پارچىلىنىدۇ. مېڭە ھۆجەيرىسى ۋۇجۇدتىن ئايرىلغاندىن كېيىن تەخمىنەن سەككىز سائەت ياشىيالايدۇ».

ئەمەلىيەتتە «ئاكتىپ پىسخولوگىيە» (positive psychology) دەپ ئاتالغان بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار (مەزكۇر ماقالىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە تىلغا ئېلىنغان) كېرت رىكتېرنىڭ 1950 – يىللىرىدىكى قورقۇنچلۇق تەجرىبىسىنىڭ داۋاملىشىشى بولۇپ، نۆۋەتتە مەزكۇر ساھەدىكى ۋەكىللىك شەخس مارتىن سېلىگمەن (Martin Seligman)دۇر. ھالبۇكى («ئاكتىپ پىسخولوگىيە» دېگەن بۇ يارقىن ئىسىمغا ئانچە ماس كەلمىگەن ھالدا) بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھايۋانلارنى خورلاش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان تەجرىبىلەرگە تايىنىدىغان بولۇپ، بۇ تەتقىقاتلاردىن ئېرىشىلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن ھېچقانچە ئالاقىسى يوق. بۇ خىل تەتقىقاتلار چاشقان، ئىت ياكى باشقا ھايۋانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگىنىمۇ يوق.

بۇ شەكىلدىكى تەتقىقات – تەجرىبىلەرنى قوللىغۇچىلاردىن «سىز تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇشۇ خىل قورقۇنچلۇق تەجرىبىلەردە ئىتىڭىزنى (ياكى ئۆيدە باققان چاشقىنىڭىزنى) ئىشلىتىشىگە رازى بولامسىز؟ ياكى ئۆزىڭىز (ئىتىڭىزنى تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىپ تۇرۇپ) شۇ خىل تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ بېقىشنى خالامسىز؟» دەپ سوراپ بېقىش كېرەك. مەن بۇ سوئالنى سورىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا تولىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىغىنىچە، ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ئاھاڭدا «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىتىنى ياكى چاشقى-

نىنى تەجرىبە قىلىشقا رازى بولمايدۇ – يۇ، نېمە ئۈچۈن باشقا جانىۋارلارغا ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق تەجرىبىلەرنىڭ ئىشلىنىشىگە رازى بولىدۇ؟

يەنە كېلىپ، بۇ خىل تەجرىبىلەرنىڭ ئىنسانلاردىكى چۈشكۈنلۈكنى داۋالاش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار بەزى ئەھۋاللاردا ئۆزى كۈتكەننىڭ دەل ئەكسىچە نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا (يەنى بۇ خىل تەجرىبىلەردىن ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەر ئەمەس).

ئىنسانلاردىكى تىتىلداش (چۈشكۈنلۈك) كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بۇ خىل تەتقىقاتلار ماڭا ئىنساندىكى ئورۇقلىنىش تەرتىپسىزلىكى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان پىسخىكىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ھايۋانلارنى خورلىغان، ئەمما ئاخىرىدا بۇ خىل كېسەللەرنى داۋالاشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان تەجرىبىلەرنى ئەسلەتتى. بۇ جەھەتتە ۋە ئىنسان پىسخولوگىيەسى تەتقىقاتىدا ھايۋاننى تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىش توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش خالايدىغانلار كېننىس شاپىرو (**Kenneth Shapiro**)نىڭ « **Animal Models of Human Psychology: Critique of Science, Ethics and Policy** » دېگەن ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

مەنچە بۇ خىل تەتقىقات – تەجرىبىلەر توختىتىلىشى كېرەك. بۇ پۇل ۋە ھېسسىياتقا ئىگە جانلىقلارنىڭ ھاياتىنى زايە قىلغانلىق بولۇپ، بۇنىڭ مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئانچە كۆپ پايدىسى تەگمەيدۇ. ھايۋانلارنىڭ بۇ خىل تەجرىبىلەردىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى شەكسىز. (بۇ ساھەنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان) پروفېسسور سېلىگمەن ئۆزىنىڭ «ھايۋانسۆيەر» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان تەتقىقاتچىلارمۇ ئوخشاش گەپنى قىلىشى مۇمكىن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ «سۆيىدىغىنى» مەن بولۇپ قالماپتىمەن (بولمىسا ئۇلار «ھايۋانسۆيەر»مەن دەپ تۇرۇپ، ھايۋاننى قىيناپ تەجرىبە قىلغاندەك، مېنىمۇ نېمىلەرنى قىلىۋېتەردىكىنتاڭ!).

ئېنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**


https://www.psychologytoday.com/us/blog/kidding-ourselves/201405/the-remarkable-power-hope

https://www.psychologytoday.com/us/blog/animal-emotions/201201/drowning-rats-and-human-depression-positive-psychology-whom



# تارىمدىن

# تاۋار

ئامىنە ۋاھىد







ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك جەھەتتىمۇ يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان مىللەت. خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلىش، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوق قىلىش ھەرىكىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۆرپ_ ئادەتلىرىنىمۇ تۈپ يىلتىزىدىن يۇقۇتۇشنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئۇيغۇر ئۆرپ _ئادەتلىرنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلماقتا.

نۆۋەتتە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كۈچى يەتكەن دائىرىدە ئۇيغۇر دەۋاسىغا قوشۇلۇپ، مىللەتنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخي مەجبۇرىيەتتۇر.

نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا خەلقىگە ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ _ئادەتلىرنى ،سەنئەت ئەسەرلىرنى تونۇتۇش، ئۇنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۇشۇكى بولغان يىراقتىكى ۋەتىنىمىز بىلەن ئالاقە ئۈزۈلدى، قولى گۈل ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ بىر قىسمى ۋەتەندە لاگىرلاردا بولسا  يەنە بىر قىسمى دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە تارالدى. خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرغا بولغان ئېھتىياجى كۈنسىرى ئاشتى.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىش، ھەم ئىقتىسادى قىممەت يارىتىش ھەم ئۇيغۇر دەۋاسىغا ھەسسە قوشۇشتەك قوش ئۇنۇم بېرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

تارىم ماركىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرمىزنى زامانىۋى لاھىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تېخىمۇ قويۇق تۈس ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئەنئە بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كىيىم - كېچەكنى ئاساس قىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك ماللارنى تۈركىيەدە ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سالدۇق.

كەلگۈسى پىلانىمىز تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قول ھۈنەر ئۇستىلىرىنى يىغىپ، قول _ھۈنەر بۇيۇملىرمىزنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئايلاندۇرۇش ۋە يېڭى ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادى قىممەت يارىتىش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى دۇنياغا تونۇتۇش ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر تور سودا شەھەرچىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەھسۇلاتلىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسىغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بۇلۇشتۇر.



# ئۇستاز ئايشەم ئەخمەت

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەۋەرۈك قىزى ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى ئايشەم ئەخمەت 2017-يىلى ختاي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇ 75 ياشتا ئىدى.

تالانتلىق يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست ئايشەم ئەخمەت 1942-يىلى قۇمۇلدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1955-يىلىغىچە قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1955-يىلىدىن 1958- يىلىغىچە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1971-يىلىغىچە ئۈرۈمچى 2-دارىلمۇئەللىمىندە، قۇمۇل ۋىلايىتى ئاراتۈرك ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن «قۇمۇل گېزىتى» دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، 1979-يىلىدىن باشلاپ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

ئايشەم ئەخمەتنىڭ ھازىرغىچە «باغداش چېچىكى»، «مەلىكىنىڭ مەڭزىدىكى داغ» ناملىق ھېكايە-پوۋېست توپلاملىرى، «قارا چامادان»، «بۇلۇت يېرىپ چىققان ئاي» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ئۆچمەس ئىزلار»، «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» قاتارلىق رومانلىرى، «قومۇل» ناملىق بىئوگرافىك ئەسىرى، «خانىم-قىزلار دەستۇرى»،

«قىزلار دەستۇرى» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلىرى نەشر قىلىنغان. يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ تەرجىمھالى «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدىبلىرى» قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن. 2004-يىلى «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئايشەم ئەخمەت خانىم ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، زۇلۇم ۋە رەزىللىكنى سۆككەن؛ ئىلىم-ئىرپانغا مۇھەببەت باغلاشنى گۈزەللىك سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، جاھالەتنى ۋە جاھالەتپەرەسلىكنى قامچىلىغان. ھوقۇقدارلارنى ئادالەتلىك ۋە خەلقپەرۋەر بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، خەلقنى دۆرۈسلۇققا ئۈندىگەن. مىللىي ئەنئەنىمىزگە ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە يات قىلمىشلارنى پاش قىلىش، قامچىلاش ۋە مەسخىرە قىلىش؛ ھەقپەرۋەرلىك، مەرتلىك، زۇلۇمغا باش ئەگمەسلىك، ۋەتەن-خەلقنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ئۆز ۋەتىنىگە ساداقەتمەن بولۇش ئايشەم ئەخمەت ئىجادىيىتىدىكى يادرولۇق تېما ھېسابلىنىدۇ.

«ئۆچمەس ئىزلار» ۋە «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى ئەسىرى بولۇپ، «ئۆچمەس ئىزلار» 1983-يىلى نەشر قىلىنغان. «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» 1999-يىلى نەشر قىلىنغان. «ئۆچمەس ئىزلار» دا قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شامەخسۇتقا قارشى قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەردە زۇلۇمغا قارشى چىقىشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى قەلەمگە ئېلىپ ، زۇلۇمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرۇچنى ئورۇنداشنىڭ ھەر-بىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى  يورۇتۇپ بەرگەن. «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ»دا 1813-يىلىدىن 1867-يىلىغىچە قۇمۇلدا ھۆكۈم سۈرگەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دەۋرىدىكى ئىش-پائالىيەتلەر قەلەمگە ئېلىنغان. ئاپتور ھەر ئىككىلى ئەسەردە زۇلۇمغا باش ئەگمەسلىك، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ھەر قانداق كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش قاتارلىق تەخىرسىز مەسىلىلەرنى ئاددىي ۋەقەلىكلەر ۋە تۈز دېئالوگلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان.

ئايشەم ئەخمەتتەك ئۇستازلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تىل-يېزىقىنى ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، تىل ۋە مەدەنىيىتىمىز دۇچ كەلگەن خىرىسلارغا قارشى جەسۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىشتە جاھان ئەھلىگە ئۈلگە بولغۇدەك پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلغان. خىتايدەك ۋەھشىي مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بەئەينى بۆرە ئالدىدىكى قوزىدەك ياشىغان خەلقىمىزگە سەركە بولۇپ، ئۇيغۇر ئاتلىق قوزىچاقلارنى خىتاي چىلبۆرىلىرىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە قىلىپ تاللىۋالغان ئايشەم ئەخمەت كەبى يازغۇچىلىرىمىز بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئىپتىخارىمىز ۋە ئۈمىد چىرىقىمىزدۇر.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

# جېففېرسوننىڭ قۇرئانى




دېنس سپېلبېرگ



دېنىس سپېلبېرگ خانىم

## جېفېرسوننىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئامېرىكا ئۈچۈن نېمىشقا بۈگۈنمۇ شۇنچە مۇھىم؟

ئامېرىكانىڭ يېڭى دۆلەت مەجلىسى (كونگرېس) گە تۇنجى قېتىم ئىككى نەپەر مۇسلىمە (مۇسۇلمان ئايال) ئەزا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ بىرى مىشىگېن شتاتىدىكى رەشىدە تلايب **(Rashida Tlaib)** بولۇپ، ئۇ ۋەزىپىسىنى باشلىغاندا ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئاتىلىرىدىن بىرى بولغان توماس جېفېرسوننىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشنى ئويلاشقان.

ئۇ **CNN** غا بۇنىڭ «ئىسلامنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئامېرىكا تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن «توماس جېفېرسوننىڭ قۇرئانى: ئىسلام ۋە قۇرغۇچىلار» **(Thomas Jefferson's Qur'an: Islam and the Founders)** دېگەن كىتابىمدا بۇ ھەقتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرگە مەخپىي قالغان تارىخ توغرىسىدا توختالغانىدىم.

### ئىسلام ــ ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكانىڭمۇ دىنىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئەڭ دەسلەپتە شىمالىي ئامېرىكاغا 17 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەينى چاغدا بىرىتانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ئامېرىكاغا غەربىي ئافرىقادىن قۇل قىلىپ ئەكېلىنگەنلەرنىڭ 15 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكىچە قىسمىنى ئىگىلەيدۇ (ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمانلار 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن ئامېرىكاغا ئەركىن پۇقرا سۈپىتىدە كۆچمەن بولۇپ كېلىشكە باشلىغان).

ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئاتىلىرى، بولۇپمۇ توماس جېفېرسون دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەن.

جېفېرسون 22 يېشىدا، يەنى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى تۈزۈشتىن 11 يىل ئىلگىرى ۋىلىيامسبېرگدە قانۇن كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا قۇرئاندىن بىرنى سېتىۋالغان.

بۇ ئامېرىكا بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي مۇناسىۋەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

جېفېرسون قۇرئاننىڭ ئۆزىگە قانداق تەسىر قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان، ھەتتا ئۇ ئىلگىرى ۋىرجىنىيا شتاتىدا سىياسىي مۇنازىرە داۋامىدا ئىسلام دىنىنى كاتولىك دىنىغا ئوخشاشلا «كىشىلەرنىڭ ئەركىن ئىزدىنىش روھىنى بوغىدۇ» دەپ تەنقىدلىگەن. ئۇ يۇقىرىقى ئىككىلا دىنى ئۆزىنىڭ دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن جۇمھۇرىيەت تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسىچە، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن، دەپ قارىغان.

ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جېفېرسون ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار (مۇسۇلمانلار)نىڭ ھوقۇقىنى قوللىغان. ئالاقىدار ماتېرىياللار ئۇنىڭ 1776 – يىلىدىن باشلاپلا بۇ يېڭى دۆلەت (ئامېرىكا)تىكى مۇسۇلمانلار توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى قەلەمگە ئېلىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلار قانۇنىنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش ئۈچۈن ۋىرجىنىيا شتاتىغا قايتقان ۋە شۇ جەريانىدىكى خاتىرىسىگە ئېنگلىز پەيلاسوپى جون لوك **(John Locke)** نىڭ **1689** –

يىلىدىكى «كەڭ قورساقلىق ھەققىدە بىر پارچە خەت» دېگەن يازمىسى ھەققىدە «مەيلى دىنسىزلار، مەيلى مۇھەممەدىي (مۇسۇلمان)لەر، ياكى يەھۇدىيلار دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى كېرەك» دەپ يازغان.

بۇ خىل كۆز قاراش ئۇ تۈزگەن «ۋىرجىنىيا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى لايىھەسى»دە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا «بىزنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىمىز دىنىي كۆز قاراشلىرىمىزغا باغلىق ئەمەس» دېيىلگەن.

**1777** – يىلى تۈزۈلگەن مەزكۇر لايىھە **1786** – يىلى رەسمىي قانۇنغا ئايلانغان.

## جېفېرسوننىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك دىنىي كۆز قارىشى

جېفېرسون داڭلىق «ۋىرجىنىيا قانۇنى»نى تۈزگەندە، مۇسۇلمانلارنى ئويلاشقانمۇ؟

بىز ئۇنىڭ **1821** – يىلىدىكى تەرجىمىھالىدىن بۇنى دەلىللەيدىغان ئۇچۇرلارنى تاپالايمىز. ئۇ مەزكۇر تەرجىمىھالدا ئۆزىنىڭ ۋىرجىنىيا قانۇنى لايىھەسىنىڭ كىرىش سۆزىگە (خىرىستىيانلىقنى بىلدۈرىدىغان) «ئىيسا خىرىستوس» دېگەن ئىبارىنى قوشۇشنى ئويلاپ، كېيىن يالتىيىپ قالغانلىقىنى يازىدۇ. ئەنە شۇ يالتىيىپ قېلىش ئۇنىڭ بۇ قانۇننى (خىرىستىيان، مۇسۇلمان ۋەھاكازا) ھەممىگە باراۋەر تەدبىقلاشنى ئويلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جېفېرسون بۇ ئارقىلىق ئامېرىكادا دىنىي ئەركىنلىك ۋە سىياسىي باراۋەرلىكنىڭ خىرىستىيانلارغىلا خاس ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ قانۇننىڭ دەسلىپىدىلا «يەھۇدىي، غەيرىي يەھۇدىي، خىرىستىيان، مۇھەممەدىي (مۇسۇلمان)، ھىندى ۋە باشقا ھەرقانداق دىنىي پىرقىنىڭ ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداشنى» مەقسەت قىلغانلىقىنى قەيت قىلغان.

جېفېرسون ئەنە شۇ شەكىلدە، **18** – ئەسىردىلا مۇسۇلمانلارنى ئامېرىكانىڭ كەلگۈسى پۇقرالىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۆزى تۈزگەن قانۇننىڭ ھەرقانداق دىنىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكانى دىنىي جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمىلىك خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىدىيەسى جېفېرسوننىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىسلامىي دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ نامايەن بولغان. پرېزدېنت جېفېرسون **1805** - يىلى تۇنىستىن كەلگەن تۇنجى مۇسۇلمان ئەلچىنى كۈتۈۋالغان. ئۇ دەل رامزان ئېيى بولغاچقا، پرېزدېنت ھۆكۈمەت زىياپىتىنىنىڭ ۋاقتىنى سائەت **3:30** دىن «دەل كۈن ئولتۇرغان ۋاقىت (ئىپتار ۋاقتى)»قا كېچىكتۈرگۈزگەن. بۇ تۇنىس باش ئەلچىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغانلىق ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئامېرىكادىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن قانچىلىك بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان تېشى بولۇپ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار ھازىر ئامېرىكانىڭ ۋەتەندىشى ۋە دۆلەت مەجلىسى (كونگرېس) ئەزاسىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئۇللۇق غايىلىرىدىن بىرى، يەنى ھەممىگە ئورتاق دىنىي ئەركىنلىكنى نامايەن قىلماقتا.

ئېنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلغان.

مەنبە:

**https://theconversation.com/why-jeffersons-vision-of-american-islam-matters-today-78155**

# ئامېرىكانىڭ خوڭكوڭغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا «ئارىلىششى»نىڭ قانۇنىيلىقى

ۋىلىيام ر. خاۋكىنس



Journal of Political Risk, Vol. 7, No. 12, December 2019)

(ۋىليام ر. خاۋكنس خەلقئارالىق ئىقتىساد ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرىدە كەسپىي مەسلىھەتچىسى، سابىق ئىقتىسادشۇناسلىق پروفېسسورى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ كەسپىي خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان)

قارىماققا خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسى بىلەن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسى ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. ئىككىلى قانۇن لاھىيىسىدە خىتايدىكى زۇلۇم ئەيىبلەندى؛ شۇنداقلا، بېيجىڭنىڭ قىلمىشلىرىنى باھالاشتا ئامېرىكانىڭ كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپى، دېموكراتىيىسى ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ ئۆلچەم قىلىنىدىغانلىقى جاكارلاندى. بۇ ئۆلچەملەرگە خىلاپلىق قىلىش مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ جازالىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ھەمدە بۇ خىتاي ۋە ئامېرىكا ئارىسىدىكى كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

خوڭكوڭ ئالاھىدە ئاپتونوم رايونى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال ئوخشىمىغاندەك، ئىككى قانۇن لاھىيىسىدىكى كونكرېت چارىلەرمۇ ئوخشاش ئەمەس. بىراق، بۇ قانۇن تۈزۈش تىرىشچانلىقى كارىدورنىڭ ئىككىلى تەرىپىدىن كۈرگىلى بولىدىغان ئورتاق ئەندىشىنى مەنبە قىلغان.

ئامېرىكانىڭ خوڭكوڭنىڭ ئاپتونومىيىسىگە، گۈللىنىشىگە ۋە ئەركىنلىكىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى 1992-يىلىدىكى «ئامېرىكا خوڭكوڭ سىياستى قانۇنى»نى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قانۇندا «دېموكراتىيەلىششىنى قوللاش ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەنگىلىيە خوڭكوڭنى 1847-يىلىدىن باشلاپ ئىدارە قىلدى ۋە 1997-يىلى ئۇنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى.

گەرچە خوڭكوڭ دېموكراتىك تۈزۈمدە بولمىغان بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيەلىكلەر ئېلىپ كەلگەن ئەركىن مەدەنىيەت ۋە غەربچە قىممەت قاراش سايىسىدە، خوڭكوڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەردىن بىرىگە ئايلاندى. 1984-يىلى لوندون بېيجىڭ بىلەن خوڭكوڭنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەندە، خىتايلار «خوڭكوڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي سىستېمىسىنىڭ مۇشۇ پېتى داۋام قىلدۇرغانلىقى، تۈرمۇش شەكلىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى» توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ كېيىنكى ئەللىك يىلدا ئىجابىي شەكىلدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى، ھەتتا ئۇ چاغلاردا كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى. بەختكە قارشى، خوڭكوڭنىڭ بۇ ئالاھىدە ئورۇنغا يېقىنلىششىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى (ھېسابلانغان بۇگۈنكى كۈن) دە، بېيجىڭ بۇرۇنقى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك تەھدىتلىك كۈچ ھالىتىدە نامايان بولماقتا. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھاكاۋۇر باش سېكرېتار شى جىنپىڭنىڭ 2049-يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت «خىتاي چۈشىنى» نىڭ نەتىجىسىدە، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» تەشەببۇسلۇقى «كوممۇنىزىم» دىن ئىبارەت بىرلا خىل تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يوق بولىدۇ.

ئامېرىكادىكى ئىككى پارتىيە ئومۇمەن بىردەك ھالدا قوللىغان ۋە پرېزىدېنت دونالد ترامپ ئىمزا قويغان خوڭكوڭ قانۇن لاھىيىسى (بۇ قانۇن لاھىيىسى ئاۋام پالاتاسىدا پەقەت بىرلا قارشى ئاۋازغا، كېڭەش پالاتاسىدا بولسا پۈتۈنلەي قوللاشقا ئېرىشكەن) «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» كېلىشىمىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ۋە خوڭكوڭدىكى زۇرۇر كىشىلىك ھوقۇقلارنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. خوڭكوڭ نامايىشچىلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىشىدە ياخشى سەۋەبلەر مەۋجۇت.

شەرقىي تۈركىستاندىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا خوڭكوڭدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا كۆپ ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئۆتكەنكى ئايلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال خوڭكوڭدىكىگە ئوخشاش كۈچلۈك دىققەت قوزغىيالمىدى. خىتاي كومپارتىيىسى 1949-يىلى ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

خىتاي مۇستەملىكە نەزەرىيىسىنىڭ كلاسسىك نەمۇنىسىدۇر. بۇ نەزەرىيە جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران توپ تەرىپىدىن پەرقلىق ئىرقىي ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىغا يۈرگۈزۈلگەن زۇلۇملارغا نەزەر ئاغدۇرىدۇ. خىتايدا زۇلۇم خىتاي ئىرقچىلىقى ۋە كوممۇنىست ئىدېئولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنبەدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، كېيىنكىسى (كوممۇنىست ئىدېئولوگىيىسى) بارلىق دىنلارغا قارشى كۈچلۈك ئۆچمەنلىككە تولغان. ئەگەر بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەت نۆۋەتتە باشلاپ بولغىنىدەك، ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتكەن ياكى ئېمپېرىيالىزمنى تەلتۆكۈس ئىشقا ئاشۇرغان تەقدىردە، ئىچكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ شەپقەتسىزلەرچە يۈرگۈزۈلۈشى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئوخشىمىغان خەلقلەرگە ۋە مەدەنىيەتلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى تاشقى دۇنيانى سەگىتىشى كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغاندىن بېرى، بۇ جايدا زۇلۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ رايوننىڭ كۈلتۈرىنى يوق قىلىش مەقسىتىدە خىتايلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستانغا زور ساندا كۆچمەن بولۇپ كېلىشى ۋە كۈنىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ قېلىشى بۇ زۇلۇملارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. باش سېكرېتار شى ئۆز ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەپ، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەندىكى «بۆلگۈنچىلىك»لەرگە، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى قارشى پىكىرلەرگە كىرىشىۋېلىش نەتىجىسىدە، يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە (خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ) زوراۋانلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى تېخىمۇ ئاشتى. تەيۋەن يېقىنقى 126 يىلدىكى تۆت يىل (1945-1949) دىن باشقا مەزگىلنىڭ ھەممىسىدە بېيجىڭنىڭ باشقۇرۇشىدىن خالىي ھالدا ۋە چوڭ قۇرۇقلۇققا تامامەن زىت ھالدا ئەركىن روھ بىلەن ئۆز كىملىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. بۇ ھال شى رېجىمىنى «دۆلەت پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن يانماسلىق»تەك ئۇرۇش تەھدىتىنى ئوتتۇرىغا تاشلىشىدىن توختۇتۇپ قالالمىدى.

بېيجىڭنىڭ ئۆزى ئىدارە قىلىۋاتقان ئۈچ رايوندىكى ئىچكى مۇستەملىكىچىلىكى ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. دىننى باستۇرۇش، يەرلىك سەنئەتنى، قۇرۇلۇش يادىكارلىقلىرىنى، كۇتۇپخانىلارنى ۋە قەبرىستانلىقلارنى يوق قىلىش خىتاينىڭ تىبەتتە ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقانلىرىدىن ئىبارەت. 2016-يىلى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قويغان ئەمەلدارى چېن چۈەنگو بۇنىڭدىن ئىلگىرى تىبەت ئاپتونوم رايونىدا پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىدى. تىبەتتە قاتتىق چارلاش ۋە كۈچلۈك نازارەتنى يولغا قويۇش بىلەن تونۇلغان چېن چۈەنگو، شى جىنپىڭنىڭ بىۋاستە يول-يورۇقىغا بىنائەن شەرقىي تۈركىستاندىمۇ « زوراۋانلىق ۋە ئاشقۇنلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش» ھەركىتىنى يولغا قويدى.

چېن يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 19-نۆۋەتلىك سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىنىشىنىڭ كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن كەلگەن بۇيرۇق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

بېيجىڭ بۇ لاگېرلارنىڭ قايتا تەربىيەش ۋە كەسپىي تەربىيەش خىزمىتىنى قىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق، تەرەپسىز كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دوكلاتلىرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بايانلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ئىچكى ھۆججەتلىرى بۇ لاگېرلارنىڭ قىيىن-قىستاق مەۋجۇت بولغان قورقۇنچلۇق تۈرمە شارائىتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك قاماش ھەرىكىتىگە تېررورىزىم ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەكتە. چېن چۈەنگونىڭ بايانچە بۇ «يىغىۋېلىنىشى كېرەك بولغان ھەربىر شەخسنى يىغىۋېلىش» تىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستاندا بەزى ھۇجۇملار بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى تېررورلۇق ھۇجۇملىرىغا سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا جىڭغا توختىغۇچىلىكى يوق ئىشلاردۇر. بېيجىڭ يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق تېررورلۇق ھۇجۇمنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررورىزىم ۋە قايتا تەربىيەشكە ئائىت رىتورىك سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئەمدىلىكتە خوڭكوڭغا قارىتىلىۋاتقانلىقى قورقۇنچلۇق بېشارەتتۇر.

11-سېنتەبىر ۋەقەسىگە ئوخشايدىغان بىردىنبىر زوراۋانلىق خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقانلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى 1989-يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا مىڭلارچە دېموكراتىيە تەرەپتارى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى بىلەن ياندىشتۇر.

پرېزدېنت بۇش تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىغا جاۋابەن خىتاينىڭ باستۇرۇشقا قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ خىتايغا قورال-ياراق ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى سېتىپ بېرىشنى توختاتقان. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن پرېزدېنت ترامپمۇ بۇشقا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى بۇشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنىڭ چەكلىمىسىنى ئىجرا قىلىدىغان قانۇننى ماقۇللىغان بولسا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھىسىگە «تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ خالىغانچە تۇتۇلۇشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇشى» مۇمكىن بولغان «كومپيۇتېر تېخنىكىسى، شەكىل تونۇش، سۇنئىي ئەقىل، كۋانت ھېسابلاش ۋە بىئولوگىيىلىك تونۇش تېخنىكىسى» قاتارلىقلارنىڭ خىتايغا يەتكۈزۈلۈشىنى توسىدىغان ماددىدىن بىرنى قوشتى. چاتاق يېرى، بۇ چەكلىمە بۇ ماددا باشتا ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن قانۇن لايىھىسىنىڭ ئاۋام پالاتا نۇسخىسىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ئىككى نۇسخىسى ياراشتۇرلۇشقا موھتاج بولماقتا. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى قانۇن لايىھىسى خوڭكوڭ قانۇن لايىھىسى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە (پەقەت ئاۋام پالاتاسىدىكى بىرلا قارشى بېلەت بىلەن) مەجلىستىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ (يەنى يېڭى چەكلىمىنىڭ ئاۋام پالاتا نۇسخىسىدا بولماسلىقى) چوڭ مەسىلە ئەمەستەك كۆرۈنمەكتە. بىراق، ئۇزۇن دەم ئېلىشقا كۆپ ۋاقىت قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ناۋادا تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن تەقدىردە، بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ رەسمىي قانۇنغا ئايلىنىپ، ئىجرا قىلىنىشى نەچچە ئايلاپ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. كېڭەش پالاتاسى بىردەك ھالدا ئاۋام پالاتاسى قوشقان ماددىنى قوبۇل قىلىشى ۋە روزېستىۋا بايرىمىدىن ئىلگىرى قانۇن لايىھىسىنى پرېزدېنت ترامپقا ئەۋەتىشى لازىم.

ئۇيغۇر قانۇن لايىھىسى ماھىيەت جەھەتتە خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلى قانۇن لايىھىسىنىڭ (قاراتمىلىقى) ئاجىز. بۇ ئىككى قانۇن لايىھەلىرى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ناچار قىلمىشلىرىنى نىشان قىلغان.

ئۇيغۇر قانۇن لايىھىسىدە ئۇلارنىڭ «كەڭ كۆلەملىك قاماش، (تۇتقۇنلارغا مەجبۇرىي ھالدا) سىياسىي كۆز قاراش سىڭدۈرۈش، ياكى قايتا تەربىيەشكە ئۇرۇنۇش» قاتارلىق قىلمىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇر قانۇن لايىھىسىدە چېن چۈەنگو-

نىڭ ئىسمى بىۋاسىتە يەر ئالغان. لېكىن، مۇستەبىت ھۆكۈمەت كاتتىۋېشىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىلا ئورۇندىغان ئەمەلدارلار بۇ قانۇن لاھىيەدە نىشان قىلىنمىغان. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىرتقى دۇنياغا خىتاب قىلىدىغان مېدىياسى ھېسابلانغان «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى «خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ جازالاشنى <قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغانلىقى>» نى تۆتىېر ھېسابىدا ئېلان قىلدى. خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ مال-مۈلكى ئومۇمىي جەھەتتىن ئامېرىكالىقلارنىڭ چېقىلىشىدىن بىخەتەر بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى دېسنىيدە تەتىل ئۆتكۈزەلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشى ياكى بېيجىڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ يەر شارى ۋاقىت گېزىتىدە مۇنداق بايان قىلىندى:«(خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا) ئارىلىشىدىغان بۇ قانۇن لاھىيىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ھېچقانداق رېئال تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، قەغەز يولۋاسلىقتىن باشقىغا يارىمايدىغان قانۇن لاھىيىسىدۇر.» بۇ قانۇن لاھىيىسىنىڭ رېئال تەسىرگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، خىتايغا يېتەرلىك دەرىجىدە زەربە بېرىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ سىياسىي قارارلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلىشى كېرەك. ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بېيجىڭ ئامېرىكا ئىقتىسادىغا كەڭ دائىرىلىك قايتۇرما زەربە بېرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالماقتا.

ئۇيغۇر قانۇن لاھىيىسىدە «ئامېرىكانىڭ خىتايغا بولغان سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت بىلەن روشەن ھالدا ئالاقىدار» دەپ كۆرسىتىلگەن. ھەمدە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ تاقىلىشى، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە دىنىي ئەركىنلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ توختىتىلىشى تەلەپ قىلىنغان. ناۋادا بېيجىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغان تەقدىردە، بۇ تېخىمۇ ئېغىر جازا قوللىنىشقا سەۋەب بولىدۇ.

بىراق، بۇ ئۇسۇل خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىنى قوللاش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيمىز دەپ قارايدىغانلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پرېزىدېنت بۇش سودا بىلەن خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى، ئىقتىسادنى ۋە سىياسەتنىڭ كېڭىيىشىنى باغلايدىغان قانۇن لاھىيىسىنى رەت قىلدى. كېڭەش پالاتاسى بۇ رەت قىلىشنى پەسەنتىگە ئالمىغان بولسىمۇ، ئاۋام پالاتاسى ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئارمىيەنى ئوقۇغۇچىلارنى ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇغان دېڭ شياۋپىڭ «بېيىش گۈزەلدۇر» دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇردۇر. ھەمدە ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى خىتايدا پات ئارىدا ئىسلاھات بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. بۇشنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلۈشكە سېلىشتۇرغاندا، ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت توغرىسىدا سۆز ئېچىش «رېئالىزم»نى ئىپادە قىلاتتى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، خىتاينىڭ بايلىقى ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالارنى سېلىشقىلا سەرپ قىلىنىپ قالماستىن، يەنە يېڭى تېپتىكى كۈرەشچى ئايروپىلان، ئۇرۇش پاراخوتى ۋە ئاۋاز تېزلىكىدىن يۇقىرى سۈرئەتكە ئىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلارغىمۇ سەرپ قىلىنىش ئارقىلىق پۈتكۈل تېنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغا ۋە ئۇنىڭمۇ نېرىسىغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. ئۆز رەقىبى ئۆزىنىڭ قانخورلۇق بىلەن ئۆرە تۇرغان دىكتاتورلۇقىنى ئاشكارىلىغان پەيتتە، ئۆز رەقىبىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى نەزەرگە ئالماسلىقتىنمۇ بەكراق رېئاللىقتىن چەتنىگەن ئىش بولمىسا كېرەك.

ئامېرىكانىڭ كونكېرت چەكلىمە قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خىتايغا سودىدا جازا يۈرگۈزۈشى تامامەن قانۇنلۇق. چۈنكى، ئامېرىكانىڭ خىتاي رېجىمىنى تەمىنات، پۇل ۋە ئامېرىكانىڭ قىممەت قاراشلىرىغا زىت كېلىدىغان، ئامېرىكا دۆلەت بىخەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى يوق. بېيجىڭ ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا ھوقۇقدار ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. بۇ ھوقۇقدارلىق ۋاشىڭتونغىمۇ تەۋەدۇر. ئەخلاق مىزانى سەۋەبلىك ئامېرىكالىقلار ئەۋزەللىك تەرەپتە. «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لاھىيىسى» ماقۇللىنىشقا ۋە يۈرگۈزۈلۈشكە مۇناسىپتۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار

ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

https://www.jpolrisk.com/the-legitimacy-of-u-s-intervention-in-hong-kong-and-east-turkistan/



# خىتايچە قىساس ھېكايىسى

لىيئو تىم

**يۆ بېگى گوۋجەننىڭ كۈچلۈكلەر ئالدىدا بېقىندى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاخىردا دۈشمىنى بىخۇتلاشقاندا ئۇنى يوقىتىشتەك تەدبىرى پۈتۈن خىتاينىڭ زېھنىيىتىگە سىڭگەن بولۇپ ، خىتاينىڭ بارلىق دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالغان ۋەتەنپەرلىك تەربىيىسى ۋەقەلىكىدۇر. « يۈز يىللىق مارافون » نىڭ يازغۇچىسى مايكىل پىلزبېرى ئۆز كىتاۋىدا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى بۇ ھېكايىنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكانى قانداق ئالداپ، پايدىلىنىپ بۈگۈنگە يەتكەنلىكىدىكى بىر يېتەكچى ئىدىيە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ( مۇھەررىردىن)**

نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرى بىلەن تىللاردا داستان بولغان بولسا، خىتاينىڭ قەدىمكى بەگلىرىدىن بىرى دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، خار – زەبۇنلۇق ئىچىدە ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق تارىختىن ئورۇن ئالغان.

بۇ ئاجايىپ «سەبىرچان» بىر ھۆكۈمدارنىڭ چىشىنى چىشلەپ، پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى يىگىرمە يىل كۈتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىدۇر.

## ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىختىلاپنىڭ باشلىنىشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى بەشىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 – يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 – يىلىغىچە) باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا، خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى يۆ بەگلىكى خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوشنىسى ۋۇ بەگلىكى يېقىندىلا «ئۇرۇش سەنئىتى» دېگەن ئەسەرنىڭ

ئاپتورى سۈنزىنىڭ تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، زېمىنى كەڭ چۇ بەگلىكىنى مەغلۇب قىلىپ، ئارقىدىنلا ئاجىز ۋە تەييارلىقسىز يۆ بەگلىكىگە كۆز تىككۈۋاتاتتى.

ئەنە شۇنداق قالايمىقان بىر ۋەزىيەتتە، يۆ بېگى جان ئۈزۈپ، ئورنىغا ياش ھەم تەجرىبىسىز ئوغلى گوۋ جيەننى قالدۇرغان. يۆ بەگلىكىدىكىلەر ئۆلۈمنى ئۇزىتىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەندە، ۋۇ بېگى خې لۈ ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ، ئاجىز يۆ بەگلىكىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. گوۋ جيەنمۇ نائىلاج ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ئۆزىدىن سان ۋە قورال – ياراغدا كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋۇ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولغان.

لېكىن، گوۋ جيەن ئۇرۇشتا مىكىر ئىشلىتىپ، ۋۇ قوشۇنلىرىنى ساراسىمىگە سالغان ۋە يۆ بەگلىكىنىڭ بىر سانغۇنى بىلەن ۋۇ بېگى خې لۈ روبىرو تۇتۇشۇپ قالغان. ئەمما، ياشىنىپ قالغان خې لۈ يۆ سانغۇنىغا تەڭ كېلەلمەي ئەجەللىك يارىلىنىپ، شۇ يارا سەۋەبلىك ئۆلگەن. نەتىجىدە، ۋۇ قوشۇنلىرى ئالاقزادىلىك ئىلكىدە يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## يۆ بېگى گوۋ جيەننىڭ باش ئېگىشى ۋە قۇلغا ئايلىنىشى

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋۇ بەگلىكىنىڭ تەختىگە خې لۈنىڭ ئوغلى فۇ چەي چىققان ۋە دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش كويىدا يۈرگەن. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە «يۆ قوشۇنلىرىنىڭ دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھەركۈنى سەمىمگە سېلىپ تۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋۇ بەگلىكى قايتىدىن كۈچلىنىپ، فۇ چەينىڭ قوماندانلىقىدا يەنە بىر قېتىم يۆ بەگلىكىگە قوشۇن تارتقان. بۇ قېتىم گوۋ جيەن (ۋۇ قوشۇنىنىڭ كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ) تاكتىكا ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، ۋېن جوڭ دېگەن سانغۇنىنى سۈلھى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.
سۈلھىدە «يۆ بەگلىكى ۋۇ بەگلىكىگە بېقىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يۆ بېگى گوۋ جيەن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ۋە باش سانغۇنى فەن لى قاتارلىقلار قۇل قىلىنىپ، ۋۇ بەگلىكىگە ئەكېتىلىدۇ» دېگەندەك ناھايىتى ئېغىر شەرتلەر بار ئىدى. (مەزكۇر سۈلھىگە كۆرە) بۇ مەزگىلدە، يۆ بەگلىكىنى ۋېن جوڭ ۋاكالىتەن باشقۇراتتى.
شۇنىڭ بىلەن، يۆ بېگى، ئۇنىڭ ئايالى ۋە فەن لى دېگەن سانغۇنى ۋۇ بەگلىكىدە، ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆز ئالدىدا قاق سەھەردىن كۈن پاتقۇچە ئېغىر ئەمگەك قىلىشقا باشلايدۇ. فۇ چەيمۇ پات – پاتلا ئېتىغا مىنگىنىچە ئەسىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېلىپ تۇرىدۇ.
لېكىن، مەيلى گوۋ جيەن، ياكى ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولسۇن، بۇ ئىشلاردىن ئازراقمۇ ۋايساپ قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۆ بەگلىكىنى باشقۇرۇۋاتقان سانغۇن ۋېن جوڭمۇ ۋۇ بېگىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىپ، ۋۇ بېگىنى يۆ بەگلىكىنىڭ ساداقىتىدىن زىنھار گۇمانلانماس ھالغا ئەكېلىدۇ.

## بېقىنمىغان بېقىندى دۆلەت

گوۋ جيەننىڭ قۇللۇق ھاياتى ئۈچ يىل داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، فۇ چەي يۆ بەگلىكىنى تولۇق تىزگىنىمگە ئالدىم دەپ ئويلاپ، گوۋ جيەننىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەمما، گوۋ جيەن ۋە سانغۇنى فەن لى قاتارلىقلار ئىنتىقام ئېلىشنىڭ كويىدا ئىدى.
گوۋ جيەن ھۆرلۈككە چىققاندىن كېيىن، قۇللۇق مەزگىلىدە تارتقان خورلۇقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ ۋە ئايالى ئاددىي پۇقرالاردەك ھايات كەچۈرىدۇ ۋە پات – پات ئېتىزلاردا ئۆز خەلقى بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىدۇ.
گوۋ جيەننىڭ مەشھۇر ئىشلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇ قۇللۇقتىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ سۇسلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شاخ – شۇمبىدىن ياسالغان كارىۋاتتا ياتىدۇ ۋە تورۇسقا (زەھەردەك ئاچچىق) يىلاننىڭ ئۆتىنى ئېسىپ قويىدۇ. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندا ئاشۇ يىلاننىڭ ئۆتىنى يالاپ قوياتتى.
گوۋ جيەن ئاستىرتتىن جەڭگە تەييارلىنىدۇ. ئۇ نوپۇسنى مۇمكىنقەدەر ئەڭ تېز سۈرئەتتە كۆپەيتىش ئۈچۈن، توي قىلماقچى بولغان ئەر – ئاياللارنىڭ ياش

پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك دەپ بەلگىلەيدۇ ۋە خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، باج – سېلىقنى ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇ رەۋىشتە يۆ بەگلىكى كۈچلىنىدۇ.
يۆ بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى قارىماققا ئۆز «خوجىسى» ۋۇ بەگلىكىگە تولىمۇ ساداقەتمەندەك كۆرۈنىدۇ. گوۋ جيەن ۋە ئۇنىڭ سانغۇنلىرى سودا – سېتىق ئىشلىرىدىمۇ ۋۇ بەگلىكىنى ئىمكانقەدەر كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن چىرايلىق قىزلارنى ۋۇ بەگلىكىگە توقاللىققا ئەۋەتىدۇ.

## ساھىبجامال ھىيلىسى

ۋۇ بېگى فۇ چەي پېشقەدەم سانغۇنى ۋۇ زىشۇنىڭ تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، «يۆ بەگلىكى ئاللىقاچان ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلدى، ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ياش فۇ چەي ۋۇ زىشۇنى ھەممە ئىشتا ئۆزى بىلەن قېرىشىدىغان جاھىل قېرى دەپ قارايدۇ.
فۇ چەي يۆ بەگلىكىنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشمەكچى بولغاندا، ۋۇ زىشۇ ئۇنى تەنقىدلىگەن. فۇ چەي گوۋ جيەننىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغاندىمۇ، ۋۇ زىشۇ ئۇنى تەنقىدلىگەن. فۇ چەي ئىشنىڭ ئالدى – كەينىنى ئويلاشمايلا باشقا بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قىلغاندىمۇ، ۋۇ زىشۇ يەنە ئۇنى تەنقىدلىگەندى.
شۇنداقلا، گوۋ جيەننىڭ ئەڭ يېقىن سەركەردىسى فەن لى شى شى (西施) دېگەن ساھىبجامالنى فۇ چەيگە توقاللىققا ئەۋەتكەندىمۇ، ۋۇ زىشۇ بۇ ئىشقا قارشى چىققاندى.
شى شى خىتاي تارىخىدا «تۆت ساھىبجامال» دەپ ئاتالغانلاردىن بىرى بولۇپ، فەن لى ئۇنى دەريا بويىدا كىر يۇيۇۋاتقان يېرىدە بايقاپ قالغان. ئۇ تۈزۈك تەربىيەلەنمىگەن، ئەدەب – ئەخلاق ئۆگەنمىگەن قىز ئىدى. لېكىن، فەن لى ئۇنىڭغا ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش دېگەندەك تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆگىتىپ، ئۇنى ئۈچ يىلدا كۆڭۈلدىكىدەك توقاللىق نامزاتىغا ئايلاندۇرغان.ناھايىتى تەبىئىي ھالدا، فۇ چەي شى شىنى دەررۇ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوردا – ساراي سالدۇرۇپ، ھەتتا سۈنئىي كۆل قازدۇرۇپ، نۇرغۇن پۇلنى سورۇۋەتكەن. شۇنداقلا، بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئورنىغا، پۈتۈن ۋاقتىنى شى شىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن. شۇ تەرىقىدە، كۈچلۈك ۋۇ بەگلىكى ھالاكەتكە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشقان.

## چۈشكۈنلىشىش، چىرىكلىشىش ۋە ھالاك بولۇش

ھالبۇكى، فۇ چەي بىردىنبىر ئازدۇرۇلغۇچى ئەمەس ئىدى. ۋۇ بەگلىكىنىڭ باشقا سەركەردە – سانغۇنلىرىمۇ يۆ بەگلىكىدىن ئەۋەتىلگەن سەتەڭلەرگە دوم چۈشكەن، زەردارلار قەسىر – ساراي سېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىغانىدى. ۋۇ بەگلىكىدىكىلەرنىڭ بۇ خىل دۇنياپەرەسلىك خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، گوۋ جيەن بىلەن فەن لى ئۇلارغا (قەسىر – ساراي ياساشتا ئىشلىتىشى ئۈچۈن) پەقەت دەريا ئارقىلىقلا يۆتكىگىلى بولىدىغان غايەت زور ياغاچلارنى ئەۋەتىپ بەرگەن. ئەنە شۇ شەكىلدە، ۋۇ بەگلىكىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىشقا باشلىغان.
نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ۋۇ بەگلىكى ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتى بىلەن پەخىرلىنىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. ۋۇ بېگى فۇ چەي ۋە ئۇنىڭ سەركەردە – سانغۇنلىرى ساھىبجامال ۋە ئوردا – سارايلاردىن باشقىنى ئويلىماس ھالغا كەلگەن. بۇ ۋەزىيەتنى ئۆڭشىيالىشى مۇمكىن بولغان بىردىنبىر شەخس ۋۇ زىشۇ بىر قېتىم فۇ چەي بىلەن بەك قاتتىق تاكاللىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلغان (بۇ خىل جازا خىتاي تارىخىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ت). بىر قېتىم، ۋۇ بەگلىكىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۆرۈلۈپ، خەلقى (ئاچارچىلىق تۈپەيلى) ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، فۇ چەي «خوجا»لىق سالاھىيىتى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «سادىق بېقىندىسى» يۆ بەگلىكىدىن ئاشلىق

سورىغان. يۆ بەگلىكىمۇ ئاشلىق بېرىشكە قوشۇلغان.

ئەمما، ئۇلار بۇ ئىشتا مىكىر ئىشلەتكەن. يۆ بەگلىكىنىڭ سانغۇنى فەن لى ئاشلىقنى ۋۇ بەگلىكىگە ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ پىشۇرۇۋەتكەن. بۇنداق بولغاندا، ئاشلىقنى يېگىلى بولاتتى – يۇ، تېرىپ پايدىلانغىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋالدا، ۋۇ بەگلىكىدىكى دېھقانلار قانچىلىك نائۇمىد بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ناھايىتى تېزلا تېخىمۇ ئېغىر ئاچارچىلىققا دۇچ كېلەتتى.
ئەنە شۇ چاغدا، گوۋ جيەن ۋۇ بەگلىكىنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ قاراپ، ۋۇ بەگلىكىگە قارشى قوشۇن تارتىپ، ھېچقانچە قارشىلىقسىزلا ئۇلارنى بويسۇندۇرغان. نومۇسقا چىدىمىغان فۇ چەي ئۆلۈۋالغان.

لېكىن، گوۋ جيەننىڭ ۋۇ بەگلىكى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى قوش بىسلىق خەنجەرگە ئايلانغان. بىر تەرەپتىن، ئۇ دۈشمىنىنى يەڭگەندىن كېيىنمۇ (ئۆزى كۈتكەندەك) ئارامخۇدا ياشىيالمىغان ۋە ئاخىرىدا ئۆز سەركەردىلىرىنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ، تىغ ئۇچىنى ئۇلارغا قارىتىپ، يۆ بەگلىكىنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك كۈنلەردىن ئۆتۈشىدە مىسلىسىز رول ئوينىغان ۋېن جوڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. فەن لى چى بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەن. داڭدار ساھىبجامال شى شىمۇ (ئۆزىدىن فۇ چەينى بىخۇدلاشتۇرىدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلانغان) «ھەقىقىي سۆيگۈنى» فەن لى بىلەن بىللە چى بەگلىكىگە كەتكەن.

گوۋ جيەن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىنمۇ ئوقياسىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئىتى ئوۋلاپ كەلگەن ئولجىنى يېگەندىن كېيىن ئىتنى بوغۇزلىۋېتىدىغان» ئادەم دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. جەڭلەردە شۇنچە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن يۆ بەگلىكى گوۋ جيەننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قالايمىقانلاشقان. ۋۇ بەگلىكى ۋە يۆ بەگلىكى ئىككىلىسى قايتىدىن گۈللەنگەن چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

مەنبە:

**https://www.theepochtimes.com/the-story-of-ancient-chinas-trojan-horse_1378126.html**





# 12 - دېكابىر ئۇيغۇر ياشلار ھەرىكىتىنى ئەسلەپ

## مەمەت توختى

بۈگۈن 12-دېكابىر، يەنى 1985 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئوقۇغۇچىلەر نامايىشىنىڭ 34 يىللىق خاتىرە كۈنىدۇر.

بۇ كۈن ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، يېقىندا ئارىمىزدىن ئايرىلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، ۋەتەن ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان مەرھۇم ۋارس ئابابەكرىنى دۇئا بىلەن يادلاپ ئۆتىمەن. ئاللاھ كەرىم، مەرھۇمغا ئەڭ ئۈستۈن مەرھەمەت ۋە رەھمىتى بىلەن جەننەت نېسىپ قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىمەن.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ھەر جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان ۋە شۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار نامايىشىغا ئىشتىراك قىلغان، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى، جەنۇبى، شەرقى ۋە غەربىگە، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان قىممەتلىك دوستلىرىمىزغا، شۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ھەمدە كېيىنكى ياشلار ھەرىكىتى سەۋەبىدىن تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچرىغان دوستلىرىمغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.
شۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ھازىرغىچە شۇ نامايىشتا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، نامايىشنى تەشكىللىگەن، 12 - دېكابىر كۈنى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئىككىنچى

قەۋەتتىگە چىقىپ، سۆڭ خەنلياڭ، ھامدىن نىيازلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمەت - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇنازىرە ئۈچۈن تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈشكە قاتناشقان، ئارقىدىنلا 14 - چېسلا ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»لۇق پارتكومنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن 12 سائەتلىك كەسكىن مۇنازىرىگە باشتىن - ئاخىر قاتناشقان، قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىنكى ھەپتىلەردە بولسا، 19-دېكابىردىكى نامايىشنىڭ پىلانلىنىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان قېرىنداشلىرىمىزدىن شۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە ئاشكارا سورۇنلاردا پىكىر قىلغانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەن ۋە نۇرمەمەت مۇساباي 1991-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، 1992-يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا قاتتىق تۇتقۇن ۋەقەسى يۈز بېرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى نامايىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ئىلغار ياشلىرىمىزنىڭ كۆپلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

1. 1985 - يىلى يازدا ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا تەتىلگە يولغا چىققان ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولغىنىدەك، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ يىلى يازدا 500 مىڭدىن ئارتۇق ئەشەددىي خىتاي جىنايەتچىلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ۋەتىنىمىزگە يۆتكەپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئۆزۈن ئۆتمەي كوچىلارغا قويۇۋەتتى. بۇ جىنايەتچى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان كۆپلىگەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ، بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا زامىن بولدى. شۇ يىلى ئىچىدە لىقلا خىتاي جىنايەتچىلىرى بېسىلغان تۆمۈر رىشاتكىلىق ئاپتوبۇسلارنىڭ ئايىغى ھېچ ئۈزۈلمىگەن ئىدى. مانا بۇ ۋەقە شۇ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان پەۋقۇلئاددە زور ھادىسە ئىدى.

2. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاتالمىش ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقى بولۇپ، چوڭ كۆلەملىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بېيجىڭدىن ئۇيغۇر، تاتار ۋە خىتاي ئەمەلدارلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇ ئاتالمىش بايرامنى تەنتەنە قىلىشتى. بۇرھان شەھىدى ۋە سەيپىدىن ئەزىزى شۇ «كاتتىۋاش»لارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، «تەبرىكلەش» پائالىيىتىگە قاتناشتى.

3. شۇ مەزگىللەردە ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان ئىسمائىل ئەمەت بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆمۈر داۋامەت تەيىنلەندى. ئاتالمىش سايلام ھەققىدە شۇ مەزگىلدە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلار، دەل خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە رەئىسلىك قىلماقچى بولغان شەخسكە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

4. خىتاي يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغىمۇ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كوچا پاراڭلىرى كۆپىيىشكە، ھەتتا گېزىتلەردە بۇ ھەقتە تەشۋىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

مەن شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ ھەپتىدە ئىككى كۈن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مەرھۇم مىجىت بىلەن بىللە ياپونچە كۇرسقا قاتنىشىۋاتقان ئىدىم. شۇ جەرياندا مەرھۇمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ناھايىتى ناچار ھالەتتە تۇرغان مىللىي مائارىپنى ياخشىلاش ئۈچۈن باش قاتۇرىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم ۋە بۇ ئاددىي يىگىتكە بولغان ھۆرمىتىم ئېشىپ، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىگە قانداق ياردەم قىلىش پىكرى كاللامدا شەكىللەندى. بۇ مەزگىللەردە يەنە ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چەتئەل تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالغان بولۇپ، قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان سۇبھى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار مەرھۇم مىجىت بىلەن بىللە «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتئەل تىلى ئۆگىنىش جەمئىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىدى.

مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، يەنى 10 - ئايلارنىڭ باشلىرىدا مىجىت ئۆز پىلانلىرىنى ھەر قايسى فاكۇلتېتلاردىكى ئىلغار ئوقۇغۇچى ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى مەركەز قىلغان ئاساستا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي مائارىپ ئەھۋالى ۋە قانداق قىلىپ بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە بىر مۇزاكىرە يىغىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ تۈردىكى مۇزاكىرە بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ بارلىق تەلەپلىرى رەتلىنىپ، باسما ماتېرىيال قىلىپ

تەييارلىنىپ، ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، مائارىپ نازارىتى، ھەمدە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىغا يوللىنىپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا بۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، بارلىق ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى، جەمئىيەتتىكى ئىلغار زىيالىيلار، شۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ نازارىتىدىن مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنى قاتناشتۇرۇپ كەڭ كۆلەملىك بىر يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولدى.

10- ئاينىڭ 23 - كۈنلىرى بولسا كېرەك، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنە مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مەشھۇر زىيالىيلىرىمىزنى ئۇنىۋېرسىتېتىمىزغا لېكسىيەگە تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى تەكىتلىگەن مەسىلىلەرنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مائارىپىدىكى ئومۇمىي مەسىلە قاتارىدا قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ئىلمىي ھازىرلىق باشلىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەملىك بىر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە، بىرەيلەن «مىجىت، بىز پۈتۈن ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز، تەكلىپلەر ئوتتۇرىدا، ناۋادا ھۆكۈمەت بۇ ياخشى تەكلىپلىرىمىزگە قۇلاق سالمىسا، بىز يەنە نېمە قىلالايمىز؟» دېگەندە، مىجىت جاۋابەن «سەپ تارتىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغىچە بارىمىز» دېگەن ئىدى.

مانا بۇ 12 - دېكابىردىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشى ھارپىسىدا ئېيتىلغان ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا بېشارەت بەرگەن ئەڭ جانلىق جۈملە ئىدى.

پۈتۈن تەييارلىقلار مەرھۇم مىجىتنىڭ پىلانى بىلەن بىر تۇتاش ماڭدى ۋە مۇزاكىرە نەتىجىسىدە مەسىلىنىڭ جان تومۇرى مانا مەن دەپ روشەنلەشتى. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ — ئاشۇ كونكرېتلاشقان، ئالىملىرىمىزنىڭ پىكىرلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىلمىي ھالغا كەلگەن تەكلىپلەرنى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ نازارىتى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشقان چوڭ بىر يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەققىدە كونكرېت تەدبىر تەلەپ قىلىش باسقۇچىغا كەلگەن ئىدى.

ئاخىرى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنىگە كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، فىزىكا فاكۇلتېتى بىناسىدا، ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىن ھاكىم جاپپار، ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتتىن جانابىلىنىڭ ۋەكىلى، مائارىپ نازارىتىدىن مەسئۇل خادىملار ۋە باشقا ئالىي مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن چوڭ كۆلەملىك ئىلمىي مۇزاكىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي مائارىپ ھەققىدىكى تەكلىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەمدە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىلدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ ھېچ قانداق جاۋاب كەلمىدى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پۈتۈن ئۇنىۋېرسىتېتتا غۇلغۇلا باشلىنىپ، بىزمۇ مەرھۇم مىجىتنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردۇق. كۈنلەر ئۆتۈپ، 12 – ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىلىرىگە كەلگەندە بولسا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، «بىز دېگەندەك بۇ ھۆكۈمەت ھەرگىز بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزگە جاۋاب بەرمەيدۇ، ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىش كېرەك» دېگەن چۈشەنچە ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللىنىپ بولدى.

شۇنداق داۋالغۇش ئىچىدىكى ھالقىلىق كۈنلەردە، يەنى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەرھۇم مىجىتنىڭ نامەلۇم سەۋەب بىلەن تۇيۇقسىزلا ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ ئۆيىدە ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. مىجىتنى ئۇنىۋېرسىتېت ئاھالىلەر بىناسىدىن مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىدىغان جىرغا يوق، سۆرەشتۈرۈپ يۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ مەكتەپ يېنىدىكى 3 - دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى.

مەزكۇر ۋەقەنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى بولغان سۆبھىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، مەرھۇمنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىز ئاق كۆپۈك يانغان ۋە ھوشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقاتقان. پۇت - قوللىرى

تۈيۇقسىز تارتىشىپ، ھەتتا تەرتىنىمۇ باشقۇرالمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغان.

گەرچە بۇ ئۆلۈم شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىخىدىكى ئەڭ سىرلىق ۋە ئېچىنىشلىق ئۆلۈملەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە، ماڭا ئوخشىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر يىگىتى، مەرھۇمنىڭ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلىكىگە ئەسلا ئىشەنمەيمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۇ ئۆچىغا چىققان رەزىل سۇيىقەستتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەرھۇم مىجىتنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ، تاۋۇت قويۇلغان ئۆينىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىققۇچە ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلاشتى، ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىردان كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغانەك ھوشىدىن كەتكەنلەرمۇ بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەرھۇمنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى باغلىنىشنى، ھەمكارلىقنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئىنسان تەسۋىرلەپ بولالمايدىغان قېرىنداشلىق رىشتىسى ھاسىل قىلىپ، مۇستەھكەم بىرلىكسەپ شەكىللەندۈردى.

سەيشەنبە كۈنى، يەنى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەرھۇمنىڭ مېيىتى ئۆز يۇرتى خوتەنگە يولغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئۈنىۋېرسىتېتىمىزدىكى غۇلغۇلا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، مىجىت پۈتتۈرەلمىگەن ئىشنى تاكى ئەمەلگە ئاشقۇچە داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر بىرلىكى شەكىللىنىپ بولدى.

12-دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتتا مەيدانغا كەلدى.

مىجىتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر بولسا، «شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى»دا كۆزگە كۆرۈنگەن بەش – ئالتە نەپەر ۋەتەنپەرۋەر ياشنىڭ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىشى، ئۆزىگە چۈشكەن تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل خېيىم - خەتەرنى يېڭىش روھى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. بۇ بەش – ئالتە كىشى ئىچىدە مەن ئىسمىنى ئاتىيالايدىغان دوستلاردىن نۇرمەمەت مۇساباي،خېلىل (ھازىر ئامېرىكادا) ۋە روشەن ئابباس قاتارلىقلار بار ئىدى.

نامايىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ھاياجانلىق كۈن، بەلكى 11 - دېكابىر، چارشەنبە كۈنى بولسا كېرەك. چۈنكى شۇ كۈنى ئاخشىمى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى (ئوغۇللار ياتاق بىناسىدىكى 219 - نومۇرلۇق ياتاقتا) بىر ئارىغا توپلىنىپ كەسكىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى. يەركەنلىك بىر دوستىمىز (ۋەتەندە بولغىنى ئۈچۈن ئىسمىنى ئاتىمايمەن، لېكىن ھۆرمىتىمنى يوللايمەن) تەييارلىغان دەسلەپكى بەش ماددىلىق تەلەپ تىزىملىكى تازا ئەتراپلىق بولمىغىنى ئۈچۈن، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە توققۇز ماددىغا يىغىنچاقلانغان تىزىملىك تەييارلاندى. مەن ئوقۇۋاتقان بىئولوگىيە فاكۇلتېتى 83-2 سىنىپتىكى 29 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق ساۋاقداشلىرىم بۇ توققۇز ماددىلىق تەلەپنامىنى ھەر بىرسى ئون نۇسخىدىن قىلىپ قولدا كۆپەيتتى ۋە شۇ كۈنى ئاخشىمى نۇرمەمەت قاتارلىق مۇناسىۋەت دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغان دوستلارنىڭ غەيرىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى پۈتۈن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا خەۋەر يوللاندى.

بۇ يەردە، ئۈرۈمچىنىڭ «ئەرگوك» دەپ ئاتالغان رايونلىرىدىكى تېخنىكوملاردىن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ نامايىشقا كەلگەن، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئۇيۇشتۇرغان، تەشكىللىگەن باتۇر ئوغلانلىرىمىزغا، ھەتتا بىرئاز ئارىسالدى بولغان يىگىتلەرگە «ئەگەر نامايىشقا چىقمىساڭ، سەندىن ئايرىلىپ كېتىمەن» دېگۈچىلىك جاسارەتكە ۋە مىللىي روھقا ئىگە زامانىمىزدىكى نۇزۇگۇملارغا نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسەك ئازلىق قىلىدۇ.

ئۇ كۈنى، خۇددى چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان جەڭگە ماڭغاندەك، ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچمەستىن، ھەتتا چوڭ دەرۋازىدىن چىقسام توسۇلۇپ قالماي دەپ، كىيىملىرىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىگە قارىماي رىشاتكىلاردىن ئارتىلىپ، نامايىشقا قاتناشقان باتۇر ئوغۇل - قىزلارغا يەنە بىر قېتىم ئەڭ ئالىي ھۆرمەت ۋە سالىمىمنى يوللايمەن.

ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىق ۋە جىددىي مىنۇتلار ئىدى.

ئەتىگەن باشقىلار ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار رەتلىك ھالدا، مەكتەپ - مەكتەپ بويىچە تىزىلىپ، خەلق مەيدانىغا توپلىنىپ بولغان ئىدى. بىر دەمدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىنى قوراللىق ئەسكەرلەر

ئورىۋالدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ بۇ ھالەتتىن ئەنسىرىگىنىنى كۆرمىدىم، ھەتتا مەكتەپ مۇدىرى ھاكىم جاپپار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ پىكاپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «مېنىڭ ماشىنامدا ياتاقنى ئاپىرىپ قويسۇن» دېگەندە ناھايىتى چىرايلىق رەت قىلىپ، باشتىن - ئاخىر نامايىش سېپىدىن ئورۇن ئالغان يىگىت - قىزلارغا نېمە دېگۈلۈك؟

بىز خەلق مەيدانىدا ئىككى سائەتتەك تۇرۇپ شوئار توۋلاشقان بولساقمۇ، گېپىمىزگە قۇلاق سالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن نامايىش سېپىدىكى خېلىل يۇكسەك ئاۋازدا پۈتۈن نامايىشچىلار قوشۇنىنى پارتكوم بىناسىنىڭ ئالدىغا چاقىردى. «ھۇررا» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممىمىز پارتكوم بىناسىغا قاراپ سەلدەك ئاقتۇق.

پارتكوم بىناسىغا بارغۇچە «ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى» ۋە مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىناسىدىكىلەرنىڭ بويىنىنى سوزۇپ قاراشلىرى، نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇشلىرى ئوقۇغۇچىلارغا باشقىدىن كۈچ قاتقان ئىدى. بۇ يەردە يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆمۈر قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلانغان پارتكوم بىناسىغا بۆسۈپ كىرىشكە ئازلا قالغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ يەردە مەزگىل شوئار توۋلانغاندىن كېيىن، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن بىر دوستىمىز كېچىچە ئۇخلىماي، ئۆزىنىڭ يوتقان كىرلىكىنى ئىشلىتىپ ياسىغان چوڭ لوزۇنكا بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەقىقىي نامايىشقا ئاتلانغان بولدى.

نۇرمەمەت، خېلىل ۋە مەن نامايىشنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ، 1 - يولدىن دۆڭكۆۋرۈكنى بويلاپ 7 - يولغا چىقىش، ئارقىدىن قىزىل تاغ يۆنىلىشى بويىچە شىمالىي دەرۋازا (بېيمېن) يولى بىلەن قايتىپ كېلىشنى پىلانلىدۇق.

دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە، ئوقۇغۇچىلارغا مانتا، سامسا ۋە ھەر خىل ھازىر تاماقلارنى زورلاپ، ئۆز ئەۋلاتلىرىنىڭ بۇ روھىدىن يۈرىكى قانغۇدەك خوش بولغان ۋە ھاياجاندىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ئەزىز خەلقىمىز مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن. نامايىش قوشۇنىمىز يۈرۈپ 7 - يولدىن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، رەسىمگە تارتقان بىرەيلەننىڭ قولىدىن پۈتۈن لېنتىلارنى تۇرسۇن، نۇرمەمەت ئۈچىمىز چىقىرىۋالغان ئىدۇق. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ رەسىمنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدە يۇيدۇرۇلغانلىقى ئېيتىلدى ۋە يەنە سۈرۈشتە قىلغىنىمدا، بۇ رەسىملەرنىڭ تۈركىيەگە چىقىرىۋېتىلگەنلىكى ئېيتىلغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە مەيلى تۈركىيەدە ياكى باشقا يەردە بۇ رەسىملەرنى كۆرۈش پۇرسىتىم بولمىدى. ئەگەر بۇ ھەقتە مەلۇماتى بار دوستلار بولسا، ماڭا ئۇچۇر بېرىشىنى بەكلا خالايمەن. چۈنكى بۇ ئۆلمەس مىنۇتلارنىڭ مەڭگۈلۈك خاتىرىسىنى كۆرگۈم بار.

نامايىش تۈگەپ چۈشتىن كېيىن يەنە ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى بىناسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇڭ خەنلياڭ (پارتكومنىڭ باش سېكرېتارى، كېيىن بېيجىڭدا ئۆلدى)، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇدىرى ھامدىن نىياز قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن ۋە نۇرمەمەت قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئۇلار بىلەن يىگىرمە مىنۇت مۇنازىرىلەشتۇق.

مەن سۇڭ خەنلياڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ قەھرىتان سوغۇقتا نېمە دەپ كوچىلاردا نامايىش قىلىۋاتقانلىقى، ئوقۇغۇچىلار يوللۇق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ھۆكۈمەتنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرمىگەنلىكى دېگەندەك مەسىلىلەردە گەپ تالىشىۋاتقان مەزگىلىمدە، نۇرمەمەت مۇساباي، ھامدىن نىيازنىڭ قولىدىن مىكروفوننى تارتىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا خىتاب قىلىپتۇ. مەن ئىچىدە بولغىنىم ئۈچۈن نۇرمەمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان خىتابىنى ئوچۇق ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن نۇرمەمەتنىڭ بۇ جەسۇرلۇقىنى ۋەتەن ئىچىدىكى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ھېچ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. شۇ ئارقىلىق ھامدىن نىيازنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ كاللىسى بۇ خىل ھالقىلىق پەيتلەردە چاقماقتەك ئىشلەيتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى 14 - دېكابىر كۈنى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىق خەۋىرى كەلدى. بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىن يىگىرمىدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىر كىچىك بولىكۋايدا پارتكوم بىناسىغا باردۇق. يىگىرمە ئوقۇغۇچىمۇ خېلى كەسكىن تالاش - تارتىشلار ئاساسىدا تاللانغانىدى. چۈنكى پارتكومدىن كەلگەن خەۋەردە ھەر بىر مەكتەپتىن بەشتىن ۋەكىل كەلسۇن دېيىلگەنىدى. لېكىن بىز بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدۇق. چۈنكى خىتايلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ئازايتىش ئارقىلىق ئەتە - ئۆگۈن بىزگە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. شۇڭلاشقا بىز ئوتتۇرىغا قويغان شەرت بويىچە، «ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكىل بولۇپ بارمايمىز، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ۋەكىل» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇپ، بۇ يىگىرمە ۋەكىلنى ھېچكىمنىڭ قايتۇرۇۋېتىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدۇق. ئەڭ ئاخىرىدا يىگىرمە ئوقۇغۇچى كۆلكە - چاقچاق بىلەن پارتكوم بىناسىغا باردۇق. لېكىن، ئۇلار بىزنى مۇزاكىرە زالىغا كىرگىلى قويماي، «بىز بەش ۋەكىلگە قارىتا تەييارلىق قىلدۇق، شۇڭا بەش كىشىلا كىرسىلەر» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەڭ ئاخىرىدا جانابىل ئالدىمىزغا چىقتى. بىزمۇ جاھىللىقىمىزنى قىلدۇق، شۇنداق قىلىپ بىز ئۇتقان بولدۇق. چۈنكى باشقا مەكتەپنىڭ ۋەكىللىرى ئاللىقاچان يىغىن مەيدانىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىچىدە تۇرۇپ «ئەگەر <شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى>دىكى باللار كىرمىسە، بىزمۇ سىلەر بىلەن مۇزاكىرىلەشمەيمىز» دەپ تۇرىۋالغان ئىكەن. پارتكوم تەرەپتىن بۇ قېتىمقى مۇنازىرىگە سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى نۇر تېيىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى نەجمىدىن قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن قىرىق ئەتراپىدا ۋەكىل بار ئىدۇق.

مۇنازىرە ئەتىگەن سائەت 11 دە باشلىنىپ كەچ سائەت 11:30 غىچە داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئاران سايلام، ئاتوم سىناقلىرى ۋە مائارىپ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلالىدۇق. ماڭا كۆرە، بۇ قېتىمقى مۇنازىرە ھەققىي مۇنازىرە بولغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھۇجۇمدا، پارتكوم تەرەپ بولسا مۇداپىئەدە تۇرغان ئىدى. سۇڭ خەنلياڭ بىز ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، قانچە قېتىم تەرلەپ، قانچە قېتىم كاتىپىغا يېڭى ماتېرىيال ئەكىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ھاجەتخانىغا بارماقچى بولغاندا جانابىلنىڭ يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتايىن ئۆزى كەينىمىزدىن چىققانلىقىنى پات - پات كۈلۈپ تۇرۇپ ئەسلەپ قالىمەن. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئەكىرگەن ئورۇق قوينىڭ شورپىسى بولسا، مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاقچاق تېمىسى بولغانىدى ۋە بۇ چاقچاق ئۇدۇل جانابىلغا بېرىپ تاقالغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى ۋە پارتكومدىن سۇڭ خەنلياڭ پات يېقىندا يەنە بىر سۆھبەت ئورۇنلاشتۇرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەچ سائەت 11.30 لاردا سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

بىز مەكتەپكە قايتىپ كەلسەك، كادىرلار ئاشخانىسىدا بىزگە تاماق تەييارلاپ تۇرغانىكەن، يەنە شۇ جەرياندا، بىز مۇنازىرىدە بولغان پۈتۈن كۈندە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدىكى بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى بىر زالغا سولاپ، «ئوقۇغۇچىلار قىلىۋاتقان ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ھەرىكەت يەنە داۋاملاشسا ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى» ئېيتىپ يىغىن ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ياتاققا قايتىپ كەلگەندە ياتاقداشلىرىمىز بىزدىن خاپا ئىدى. ئۇلار بىزنى «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىدە چىڭ تۇرماستىن پارتكومغا بويسۇنغان» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانىكەن.

ئەھۋال مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مەن، نۇرمەمەت ۋە خېلىل قاتارلىق باشقا باللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەنە بىر نامايىش قىلىشنى قارار قىلدۇق. ئېنىق كۈننى ئەڭ ئاخىرىدا بەلگىلەپ، ئۇچۇرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا ئويلىغانلىرىمىز تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

بىز ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، «ئەگەر كېلەر قېتىم نامايىش تەشكىللىسەك، ھۆكۈمەتنىڭ چوقۇم يەنە پەيشەنبە كۈنى نامايىش بولۇش ئېھتىماللىقى بويىچە ناھايىتى قاتتىق تەدبىر ئېلىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا بىز كېلەر قېتىمقى نامايىشنى جۈمە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقايلى، باشقا مەكتەپلەرگە پەيشەنبە ئاخشام خەۋەر قىلايلى» دېگەن قارارغا كەلدۇق.

ئىشنى شۇنچىلىك مەخپىي تۇتقىنىمىزغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلەر جۈمە كۈنى نامايىش قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرى ئاللىقاچان تاراپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنە بىر قېتىم پىلان ئۆزگەرتىپ، چارشەنبە ئاخشىمى خەۋەر قىلىپ، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەنە بىر قېتىم نامايىشقا چىقىشۋەردۇق.

19 - كۈندىكى نامايىش خېلىلا ئەتراپلىق پىلانلانغان بولۇپ، «قانچە ئوقۇغۇچى بىر قاتاردا ماڭىدۇ؟ قانداق شوئارلار توۋلىنىدۇ؟ قايسى مەكتەپكە كىملەر مەسئۇل بولىدۇ؟» دېگەندەك مەسىلىلەر خېلى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. 2 – قېتىملىق نامايىشنىڭ پۈتۈن پىلانلىرى خېلىلىنىڭ ياتىقىدا پىلانلاندى.

گەرچە 19 - دېكابىردىكى نامايىش خىلمۇخىل توسالغۇلارغا قارىماي ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، مۇزاكىرە جەريانىدا پارتكوم ناھايىتى قاتتىق قول يول تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئوقۇپ بېرىپلا، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئەپتى - بەشرىسىنى ئاشكارىلىغان بولدى.

نامايىش تۈگىگەندىن كېيىن، مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن سوراق، سىياسىي ئۆگىنىش ۋەھاكازلار بولسا، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كۆپلىگەن دوستلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەبىئىي ۋەقەلەر سۈپىتىدە يەنە خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك.

ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدىن دەل بىر يىل ئۆتكەندە، يەنە 1986 - يىلى دېكابىردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك، يۇقۇملۇق، غەيرى تىپتىكى جىگەر كېسىلى تارقالدى. ئەينى ۋاقىتتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق داۋام قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە يەنە بىر قېتىم جەمئىيەت خاراكتېرلىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى باشلاش قارار قىلىندى. نۇرمەمەت مۇساباي رەئىس، مېنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىمدە زىيانغا ئۇچرىغان خەلقىمىزگە ياردەم قىلىش - ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قىسقا ۋاقىتتا بۇ گۇرۇپپىنىڭ ھەيۋىسى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سالدى. نەتىجىدە، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، پارىخور خىتاي خۇاڭ باۋجاڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا كېلىپ، بۇ ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىمىزنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا بېشىغا مومىلارنى ئېتىپ يولغا سېلىپ قويۇپ، بۇ ھەرىكەتنى تېخىمۇ قىزغىن ھالدا داۋاملاشتۇرىۋەردى. مەرھۇم ۋارىس ئاباباكرى، مانا شۇ قېتىمقى ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەڭ جانلىق موتورى ئىدى. ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن.

شۇ قېتىمدا توپلانغان پۇللار بۇ ھەرىكەتتىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1987 - يىلى مەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىملەنگەندىن كېيىنكى يىلى دېكابىردا، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم دوستىمىز تەرىپىدىن (ۋەتەندە بولغىنى ئۈچۈن ئىسمىنى تىلغا ئالمايمەن) قەشقەرگە ئەۋەتىلدى.

مەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دوستىمىزنى، مەرھۇم ھەسەن مەخسۇم، ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ياپچانلارنى يېنىمغا ئېلىپ، بۇ پۇللارنى قەشقەرنىڭ ئوپال، پاختەكلى قاتارلىق يېزىلىرىدىكى جىگەر كېسىلى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان ئائىلىلەرگە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ، ۋەزىپىمىزنى جايىدا ئورۇنلىغان بولدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 33 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭمۇ ئېنىق بولۇپ كېتىشىنى، ئوقۇغۇچىلار بەرگەن ئىئانە پۇلنىڭ دەل جايىغا يەتكەنلىكىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.

1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىستانبۇلدا مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلىش ئالدىدا، ھۆرمەتلىك مەمتىمىن ھەزرىتىمگە ئېچىلماقچى بولغان قۇرۇلتاينىڭ مۇشۇ ياشلار ھەرىكىتى كۈنى ئېچىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. مەمتىمىن ھەزرىتىم ناھايىتى سەزگۈر ۋە ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان ۋەتەن ھەسرىتى بولغىنى ئۈچۈن، 1 - قېتىملىق مىللىي قۇرۇلتاينىڭ دەل ئوقۇغۇچىلار بايرام كۈنى بولغان 12 - دېكابىر كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ھەزرىتىمنىڭ بۇ سەزگۈرلىكى، ياشلار ھەرىكىتىگە بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىن ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيدۇ.

كېيىنلەردە، يەنى 1995-يىلى، مەن چەتئەلگە چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم نۇرمەمەت بىلەن ئالمۇتىدا ئۇچراشقىنىمدا، نۇرمەمەت يەنە شۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئون يىللىق خاتىرە كۈنى بىلەن بىر ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە نېمە قىلالايمىز دەپ سورىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى

ئىمكانىيەتلەر بىلەن بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق.

بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەرھۇم مىجىتنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر يىگىتىمىز، ھۆرمەتلىك دولقۇن ئەيسا تولدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق، تېخىمۇ پىلانلىق ۋە پروگراممىلىق ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ، 1988 - يىلى يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ سەۋەبتىن مەكتەپتىن ھەيدىلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە چەتئەللەردە ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلمەكتە.

12-دېكابىر كۈنى، شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئويغانغان كۈنى، ئاۋازىنى چىقارغان كۈنى بولۇپ تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، 12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق يېزىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىز ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنىڭ سىياسى چاقىرىقى ۋە ئويغىتىش كۈچى، شۇنداقلا پەيدا قىلغان تەسىرى خىتايدا 1919-يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يۈز بەرگەن ياشلار ھەرىكىتىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

ئەمدى مەن 12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچى.

بۇ تەلەپلەر ئاساسەن، خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەشنى توختىتىش، شەرقىي تۈركىستانغا ئاللىقاچان يۆتكىلىپ بولغان قەبىھ جىنايەتچى خىتايلارنى قايتۇرۇپ كېتىش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مائارىپىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، مىللىي مەتبۇئاتلارنى كۆپەيتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى بىۋاستە سايلاش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇت چەكلەش سىياستىنى بىكار قىلىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرىنى توختىتىش قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەربىر تەلەپ خەلقىمىزنىڭ ئالىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان پاكىتلىق رېئاللىقلاردىن بەزىلىرى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم توختىلىپ ئۆتۈش، بۈگۈندىن 34 يىل بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق دەپ ئويلايمەن.

ماقالىنىڭ كىرىش قىسمىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1985 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆچىغا چىققان ئوغرى - قاراقچىلارنى ۋە ئۆزلىرىدە پاتۇرالمىغان ئەشەددىي جىنايەتچىلەرنى ئىسلاھ قىلىش باھانىسى بىلەن ۋەتىنىمىزگە تۈركۈملەپ يۆتكىگەن ئىدى. يازلىق تەتىلدە يۇرتىمىزغا قايتقىچە دېرىزىلىرى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن پاياتلانغان بۇ ئاپتوبۇسلارنى ساناپ تۈگىتەلمەي بوينىمىز ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ھىتلېر گېرمانىيەسىدىمۇ كۆرۈلمىگەن ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى بوينى پۈكۈلگەن ئۇيغۇرلارغا راۋا كۆرۈلگەن خورلۇق سىياستىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. سانى يۈز مىڭغا يېتىدىغان بۇ خىتاي جىنايەتچىلەر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى خوجايىنلىرىغا ئايلانماقچى ئىدى.

مانا بۇمۇ 12-دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويغان ۋە شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تارىخىدا يۈز بېرىۋاتقان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئۆچىغا چىققان سىياسىي ئويۇنىغا بېرىلگەن سەزگۈر زەربە ئىدى. كېيىنلەردە بۇ جىنايەتچى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئىنسانلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھېكايىلەر خەۋەر بولۇپ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن 12 - دېكابىر كۈنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ جىنايەتچى خىتايلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق خىتاي كۆچمەنلىرىگە نىسبەتەن ئوچۇق - ئاشكارا لوزۇنكا كۆتۈرۈپ، «ۋەتىنىمىز خىتاي جىنايەتچىلىرىنى جازالايدىغان جازا لاگېرى ئەمەس» دەپ ۋارقىرىشى، دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزنى ئالداپ يۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىگە بولغان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىدى. شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە كۆتۈرۈپ

چىقىلغان بۇ شوئار ھەم سىياسى جەھەتتىن، ھەم خەلقىمىزنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

12 - دېكابىر كۈنى، يەنە ئوقۇغۇچىلار، مىللىي مائارىپ ھەققىدە شوئار كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1950 - يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر مائارىپىغا سالغان بۇزغۇنچىلىقى ھەققىدە ئاشكارا نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

بىزنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا بۇرۇندىن قالغان ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ بار ئىكەندۇق. لېكىن تاكى مەن ئوقۇش پۈتتۈرگىچە شۇ مىكروسكوپنى كۆرمەيلا مەكتەپتىن ئايرىلدىم. خىتاي ئوقۇغۇچىلار بولسا ھۆجەيرە تەتقىقاتىغا ئائىت بەزى تەجرىبىلىرىنى شۇ مىكروسكوپتا ئىشلىيەلەيتتى.

خىتايلار پۈتۈن خىتاي بويىچە رەتلىك بېسىلغان، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللاردىن بەھرىمەن بولسا، بىز ناھايىتى كونىرىغان، خەت ۋە گرافىكلىرى ناھايىتى ناچار شاپىگرافتا بېسىلغان دەرسلىكنى قوللىناتتۇق. بۇ دەرسلىكلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆتۈلۈشكە تېگىشلىك سەۋىيەدىن ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت - بەش يىل ئارقىدا بولاتتى. چۈنكى يېڭىدىن چىققان بىر كىتابنى بىر ئوقۇتقۇچى تەرجىمە قىلىپ بولۇش ئۈچۈن بىر يىل كېتەتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇ ماتېرىيالنىڭ شاپىگرافتا بېسىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز ئۈچ - تۆت يىل ئۆچرەت ساقلايتتى ۋە قولىمىزغا كەلگەندە بۇ ماتېرىياللار ئالىلىقاچان زامانىنىڭ ئارقىدا قالغان بولاتتى. ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدا بىر مەتبەئە بولمىغاچقا، بارلىق ماتېرىياللارنى توقۇمىدەك سامان قەغەزگە شاپىگراف بىلەن بېسىشقا توغرا كېلەتتى.

ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئەھۋال مۇشۇ بولغان يەردە، باشقا يەرلەردە ئەھۋال نېمە بولماقچى؟ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مائارىپ ئەھۋاللىرى بولسا ئىنساننىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. كېيىنكى يىللاردا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر پارلاق يۇلتۇزى، ھۆرمەتلىك دوستۇم ۋە سەپدىشىم دولقۇن ئەيسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپ ئەھۋاللىرى ھەققىدە ناھايىتى پاكىتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە قىممەتلىك ھۆججەتلەرنى توپلاپ، خەلقىمىزنىڭ قانىغان يارىسى بولغان بۇ پاجىئەگە بولغان سەزگۈرلىكنى يەنە ھەسسىلەپ داۋاملاشتۇردى. لېكىن نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مائارىپى تۈپتىن يوقىتىلىش گىردابىدا تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مائارىپتا قەد كۆتۈرمەي تۇرۇپ كەلگۈسىدىن قانداق ئۈمىد كۈتەلىسۇن؟ مىللىي مائارىپ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئاساسى. خىتاينىڭ مىللىي مائارىپىمىزغا قاراتقان تۈپتىن يوق قىلىش سىياسىتى ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىشقا قارىتىلغان مىللىي دۆلەت سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۆنسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىشى، چەتئەللەردە ئوقۇشى دېگەندەك مەسىلىلەر بولسا، 1985 - يىللىرى چۈشىمىزدىمۇ ئىشەنگۈمىز كەلمەيدىغان ئەھۋاللار ئىدى. لېكىن شۇ مەزگىللەردە ھەر يىلى خىتايدا ئەڭ ئاز ئوتتۇز مىڭغا يېقىن خىتاي ئوقۇغۇچى دۆلەت خىراجىتى بىلەن چەتئەللەردە بىلىم ئالاتتى.

12-دېكابىر كۈنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دەل بۇ شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىلىم بىلەن قۇتۇلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ساۋاتسىز قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئالىلىقاچان بىلىنگەن بىر رېئاللىق ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆز مەيدانلىرىنى ئىنچام، لېكىن كەسكىن ھالدا بىلدۈرگەن بولدى.

شۇ يىلى يۈز بەرگەن ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق رەئىسلىك سايلام مەسىلىسى ھەققىدە ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرۈپ چىققان شوئارمۇ ھۆكۈمەتنى خېلىلا پاراكەندە قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، پارتكوم بىلەن بولغان مۇنازىرە جەريانىدا بۇ مەسىلە ئەڭ ئاز ئالتە سائەت ۋاقىت ئالدى. يەنى سۆڭ خەنلياڭ، ھەر نېمە قىلىپمۇ نېمە ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمىدى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان (سايلانغان ئەمەس) «تەيىنلەنگەن رەئىس» دېگەن پىكىرنى ئاغدۇرالمىدى.

بۇ مەسىلە ئەسلىدە خېلىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، تاكى شۇ ۋاقىتقىچە، ھەتتا ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى «بىز كىمنى تەيىنلىسەك شۇنى قوبۇل قىلىسەن» دېگەن مەنتىقە بويىچە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. جەمئىيەتتىن ۋە باشقا ساھەلاردىن شۇ ۋاقىتقىچە ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغان شەخسكە نىسبەتەن بۇنداق كۈچلۈك ئىنكاسقا دۇچ كەلمىگەن ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ قېتىمقى سايلام مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن سىگنال بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى كىمنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىگە جان – دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ۋەزىپىدە كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىدەك رېئاللىقنى ئۈستۈن ئاۋازدا ھۆكۈمەتكە بىلدۈرگەن ئىدى. گەرچە ئوقۇغۇچىلار نامايىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلەردىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا بىلدۈرۈش نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

تۇغۇت چەكلەش مەسىلىسىمۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل بۆلگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇ يىللىرى، خىتايدا بالدۇرلا باشلانغان پىلانلىق تۇغۇت دۆلەت سىياسىتىنى ئاتالمىش مىللىي ئاپتونوم رايونلارغىچە كېڭەيتىش ھەققىدە قارار ماقۇللانغان بولۇپ، **10** - ئايدا ئېچىلغان ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، ھۆكۈمەت سايلاملىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش باسقۇچىدا ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا بۇ سىياسەت تاكى **1988**-يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلىيلەشمىدى ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ مەخسۇس قارار ۋە بەلگىلىمە چىقىرىپ، بۇ سىياسەتنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇشقا باشلىدى.

گەرچە قولىمىزدا «ئوقۇغۇچىلار نامايىشى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى ئۈچ - تۆت يىل كېچىكتۈرۈلدى» دېيىشكە تولۇق ئاساس بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن بىر سىگنال بولغانىدى. ئەپسۇسكى، قارشىلىق ۋە نارازىلىق ئۈزلۈكسىز داۋاملىشالمىغانلىقى، داۋاملىششقا شارائىت يار بەرمىگىنى ئۈچۈن، بۈگۈنلەرگە كەلگەندە مىليونلىغان نارەسىدە بوۋاقلىرىمىز ئانا باغرىدىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، ئەخلەت سېۋەتلىرىگە تاشلىنىۋاتىدۇ.

ئاتوم يادرو سىناقلىرى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزدىن يوشۇرغان ئەڭ چوڭ تراگېدىيەلەرنىڭ بىرسى ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل بالايى ئاپەتلەردۇر.

مەن **1987** - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن تەييارلىغان بىر ئىلمىي ماقالەمدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىت بۇلغىنىشى ھەققىدە ئازراق ئىزدەنگەن ئىدىم. مېنىڭ ئىزدىنىشىم مۇھىتتىكى زىيانلىق ماددىلارغا ئالاقىدار بولۇپ، كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە ئېكولوگىيەلىك زەنجىر سەۋەبىدىن بۇ زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئوزۇقلۇق پىرامىداسى ئارقىلىق ئىنسان سالامەتلىكىگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىدى.

ئىزدىنىش جەريانىدا، خىتاي ئۆلكىلىرىدە نەشىر قىلىنغان بەزى ماقالىلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇ ۋاقىتتىكى سانلىق مەلۇماتلار ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئىستاتىستىكىلار بارلىقى ئېنىق ئىدى.

**1998**-يىلى ئەنگلىيەلىك مۇخبىرلار بىلەن، ھازىر ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ھۆرمەتلىك دوستۇم ئەنۋەر توختىنى «يىپەك يولىدىكى ھالاكەت» ناملىق بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ۋەتەنگە يولغا سالدۇق. تېما ئاساسەن رادىئوئاكتىپلىق ماددىلار ۋە بۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان زىيىنىغا ئالاقىدار ئىدى.

بۇ فىلىم ئىشلەش گۇرۇپپىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فىلمنىڭ ئىشلىگۈچىسى رىچارد قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە «بىز ئۆرۈمچىدىن ئېلىۋالغان بىر ئۆسۈملۈك پوستىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق دەرىجىسى ئەنگلىيەدە ئېنىقلاپ چىقتۇق. نەتىجىسىنىڭ بۇنچىۋالا يۇقىرى ئىكەنلىكىدىن پۈتۈن دوختۇرخانىدىكىلەر ھەيران قالدى. بۇنداق بولارىنى قەتئىي ئويلىمىغانىكەنمەن» دېگەن ئىدى.

دېمەكچىمەنكى، ۋەتەندە ھازىر غەيرىي تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقلار، بىلىنمىگەن كېسەللەر بىلەن ياپپاش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قىرىنداشلىرىمىز، ئۆزلىرى ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق ماددىلار بىلەن بۇلغىنىشى نەتىجىسىدە، بارغانسېرى سارغىيىپ، ئۆلۈم بىلەن تىركىشىۋاتقان، داۋالىنىشقا شارائىتى يار بەرمىگەن مىليونلارچە قېرىندىشىمىز دەل بۇ ھالاكەتنىڭ قۇربانلىرىدۇر.

ۋەتىنىمىزدىكى ئۆسۈملۈك يىپىنچىلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، قۇشلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشى، كۆللەرنىڭ قۇرۇپ، سېرىق چاڭ - توزانلارنىڭ زىيادە كۆپ يېغىشى قاتارلىقلارمۇ يەنىلا بۇ ئاپەتنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.
مەن بىئولوگ بولغىنىم ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ئۇيغۇرچىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا كاللامنى چىرمىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئەنگلىيەلىك مۇخبىرلار فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن مەن بىلەن ئۇچراشقاندا، مەن بۇ تېمىنى ئىشلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردىم ۋە فىلىممۇ دەل شۇ تېما بويىچە ئىشلىنىپ چىقتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئارىمىزدا ھېچقانچە قويۇق ئالاقە بولمىغان شارائىتتا، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ھاياتىنىڭ خېيىم – خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، بۇ فىلىمنىڭ ئىشلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئاساسلىق رول ئوينىغان ئەنگلىيەدىكى ھۆرمەتلىك دوستۇم دوختۇر ئەنۋەر توختى ئەپەندىگە يەنە بىر قېتىم ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن.
باشقا پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش بولمىغان تەقدىردە، خەلقىمىزنىڭ بۇ سېرىق ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەسىرلەر بويىچە تارتىدىغانلىقىدەك ئاچچىق رېئاللىق ھەر دائىم يۈرۈكۈمنى پۇچىلايدۇ.

ئۇيغۇرچىلار ھەرىكىتى مانا بۇ ھالقىلىق مەسىلىنى ئۆزلىرىگە شوئار قىلىپ، ناھايىتى ئاقىلانە ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىز خەلقىگە، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇھىتىغا سالغان بۇزغۇنچىلىقىغا ئاشكارا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

خۇلاسە، شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرچىلار ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ باشچىلىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ناھايىتى ياخشى كۆزەتكەن، مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزىنى بايقىغان، خەلقىمىزنىڭ سەزگۈرلىكلىرىگە ئورتاق بولغان، خىتاينىڭ جان تومۇرىغا ھۇجۇم قىلالىغان جەسۇر ئوغلانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بۇ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى كەلگۈسىدىكى كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن نەمۇنە بولۇپ قالغۇسى.
شۇ سەۋەبتىن، 12 - دېكابىر ياشلار بايرىمىنىڭ بىر كۈنلەردە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىمۇ تەبرىكلىنىشى بىزنىڭ يۈرەك ئارزۇيىمىزدۇر.



**ۋارىس ئابابەكرى**

(1966-2019)

ئۇيغۇرچىلار رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ۋارىس ئابابەكرى 2019-يىلى تۇتۇلۇپ لاگېرغا سولانغانلىق سەۋەبى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغان.




# ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار توغرىسىدا

# ئۇيغۇر تىلىغا سۆز- ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ھەققىدە بىر- ئىككى ئېغىز سۆز

چىنار

## ئومۇمىي بايان

چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش دۇنيادىكى ھەممە تىللاردا مەۋجۇت بولغان نورمال ھادىسە. ھەر قايسى تىللار چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆز تىلىنى بېيىتىپ، ئىپادىلەش ۋە ئالاقىلىشىش ئىقتىدارلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىدۇ.

چەت تىللاردىن سۆز – ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ھادىسىسى بىر تەرەپتىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىدىكى ھەر خىل تىل جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئوقۇشلۇقلارنى تەرجىمە قىلىش، گېزىت- ژۇرنال، تېلېۋىزىيە – رادىيو ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىق تاراتقۇلاردا؛ سودا- سېتىق، مائارىپ - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى، تەنتەربىيە ۋە سەنئەت قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر داۋامىدا سادىر بولىدۇ.

چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز- ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى بىر تۈرلۈك نازۇك ئىلمىي مەشغۇلات. بۇ مەشغۇلات ئىلمىي يوسۇندا تاماملانسا، تىلنىڭ فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرغى-

لى بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، تىلنىڭ فۇنكسىيىسى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، شۇڭا ھەر قايسى تىللار قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز- ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئۆز تىللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ۋە تىلنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان كونكرېت پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ چىقىشى زۆرۈر. قانداقلا بولمىسۇن، ئومۇمىي پرىنسىپ ـــ قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز- ئاتالغۇلارنى نوقۇل ھالدا مۇئەييەن بىر مىللىي تىلدا ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى قېلىپلاشتۇرۇش بولۇشى كېرەك.

چەت تىللاردىكى سۆز - ئاتالغۇلار مۇئەييەن بىر تىلنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەركىبى قىسىملىرى بولغان ئاساسىي ( ئادەتتىكى) لۇغەت فوندى ۋە ئالاھىدە ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا بىردەك قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن قوبۇل قىلىش كۆلىمى، ھەجىمى ۋە مىقدارىدا پەرق بولىدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز- ئاتالغۇلار ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز- ئاتالغۇلارغا نىسبەتەن كۆلىمى كەڭ، ھەجىمى چوڭ ۋە سانى زور مىقداردا كۆپ بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى تىلنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەركىبلىرى بولغان ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە ئالاھىدە لۇغەت فوندىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئومۇمىي خەلققە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشلىك بولغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى شۇ تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەزكۇر لۇغەت فوندىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بولسىمۇ، لېكىن بارلىق سۆزلەر نىسبەتەن تۇراقلىق، مۇقىم، ئاۋام - خەلققە چۈشىنىشلىك ۋە ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ فوندىدىكى كۆپ ساندىكى سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرىدە ئەسىرلەر بويىچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بولسىمۇ ئاستا ۋە قىسمەن بولىدۇ. مەزكۇر لۇغەت فوندىدىكى كۆپلىگەن سۆزلەر يەنە كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت فوندى چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئانچە موھتاج ئەمەس، چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەر مەزكۇر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ.

لېكىن زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاۋام - خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ھەمدە ھەر قايسى مىللەت ۋە مەملىكەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىلىرىنىڭ چەت تىللاردىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا، تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن، ئاساسىي لۇغەت فوندىغا چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئىلمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا، ئۇنداق بولمىغاندا مۇئەييەن بىر تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەزكۇر تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ئۆزىنىڭ مۇقىملىقىنى يوقىتىپ، ئەبجەش لۇغەت فوندىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز- ئاتالغۇنىڭ سۆز مەنىسىدە قوبۇل قىلغۇچى تىلدا شۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان سۆز- ئاتالغۇنىڭ بار- يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بار بولسا قوبۇل قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، چەت تىلدىن ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى مەزكۇر تىلدىكى سۆز- ئاتالغۇلارنى ئىستېمالدىن سىقىپ چىقىرىدۇ. بۇ ھادىسىگە ئوردۇ تىلى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

نۆۋەتتە تىلىمىزدا «لىدېر» ۋە «كۇلتۇر» قاتارلىق چەت تىل سۆزلىرى ئىشلىتىلمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدا «لىدېر» ۋە «كۇلتۇر» سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «رەھبەر» ۋە «مەدەنىيەت» سۆزلىرى بار. مۇبادا «رەھبەر» ۋە «مەدەنىيەت» سۆزلىرى ئىشلىتىلمىسە، بۇ سۆزلەر ئۇزۇن ئۆتمەي لۇغەت فوندىدىن غايىب بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر تىلى چەت ئەللەردە ئومۇمىي جەھەتتىن ئوردۇ تىلىغا ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئالاھىدە لۇغەت فوندى بولسا ئىلىم- پەن، ئىجتىمائىي - تەبىئىي پەنلەر، پەن- تېخنىكا، ھۈنەر- كەسىپ ۋە ئىلمىي ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ سۆزلەر ئادەتتە تېرمىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئالاھىدە لۇغەت فوندىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەزكۇر فوندىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتېك مەنىلىرىنىڭ يەككىلىكى ۋە ئېنىقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار يەككە ۋە مەخسۇس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ تېرمىنلاردا ھېسسىي تۈس ئىپادىلەنمەيدۇ. ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەر ئادەتتە ئاۋام - خەلققە ئانچە تونۇش بولمايدۇ. لېكىن ئاۋام - خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى قىسمەن تېرمىنلارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا يۆتكىلىش ئەھۋالى داۋاملىق سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى «ئېلېمېنت، ئاتوم، مولېكۇلا، ئېلېكترون، كىلېتكا، باكتېرىيە، ۋىرۇس، مىكروب ۋە مىكرو» قاتارلىق تېرمىنلارنىڭ ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىن ئاساسىي لۇغەت فوندىغا يۆتكىلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاۋام - خەلققە چۈشىنىشلىك بولۇشى ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ داۋاملىق ئىشلىتىشى قاتارلىقلار.

ھەر قايسى تىللاردا چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ ــــ قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز- ئاتالغۇلارنى پۈتۈنلەي مىللىيلاشتۇرۇش (ئۆز تىل- يېزىقىدا ئىپادىلەش) بولماستىن، بەلكى قېلىپلاشتۇرۇش بولسىمۇ، لېكىن تىل سىستېمىسى ۋە بۇ تىل سىستېمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېزىق سىستېمىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلى قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللىرى بىر- بىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.
چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى ،مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل- مەنە تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ-- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن- تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار ئىشلىتىلمەكتە. قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، قوبۇل قىلىنغان سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ سېمانتېك مەنە قىممىتى ئەسلىدىكى قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ سېمانتېك مەنە قىممىتىگە تەڭ بولۇشى شەرت.

## بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆز- ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش

مۇئەييەن بىر تىلنىڭ فونېتىك سىستېمىسىدا سۆزلەرنىڭ بىر ياكى بىر قانچە فونېمىلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بوغۇم ئارقىلىق ئىپادىلىنىش فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسى بىر ياكى بىر قانچە مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بوغۇملاردىن ھاسىل قىلىنغان سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەتلەر (شەكىللەر) توپلىمىدىن ئىبارەت بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇلار مەزكۇر تىلنىڭ خەتلەر توپلىمىدىكى سېمانتېك مەنىسىدە تەڭداش مەنىدىكى خەتلەر ياكى ئاھاڭداش خەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدا ئۇدۇل تەرجىمە ۋە مەنەن تەرجىمە ئۇسۇللىرى ئاساسىي ئۇسۇللار، ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن- تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە مەنەن- ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىقلار قوشۇمچە ئۇسۇللار قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:
خىتاي تىلىدا ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :
ئېنگلىزچىدىكى «football ----足球
河马، hippopotamus ---- 蓝球، basketball---- 热核، thermonuclear--- »،
ئۇيغۇرچە «تەڭرىتاغ --- 天山 » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغان.
ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلىدا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم. مەسىلەن، خىتاي تىلىدا ئېنگلىز تىلىدا بىر خىل تاماقنى بىلدۈرىدىغان « hot dog» ئاتالغۇسىنى ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن «狗热» («قىزىق ئىت» دېگەن مەنىدە) دەپ تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى گېرمانچە «sausageslittle-dogordachshund» ئاتالغۇسىدىكى « كولباسالىق كىچىك بولكا » دېگەن

سېمانتىك مەنە قىممىتى ئىپادىلەنمەي قالغان.

مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىزچە « gramophone --- 留声机 ، washing machine ---洗衣机 ، typewriter--- 打字机 airplane ---- 飞机 ، bicycle --- 自行车 ،train --- 火车 ، charger --- 充电 » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلىدا گەرچە قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ نەق مەنىلىرىنى ئىپادىلەشتە قىسمەن نۇقسانلار بولسىمۇ ، خىتاي يېزىقىدىكى بىر بوغۇم بىر خەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بويىچە، خىتايلار زىيالىيلىرى مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلىنى يەنىلا ئاساسىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى قىلىپ تاللىغان. بۇنداق ئۇسۇلنى تاللىشىدا ئۇلار تەرجىمە قىلىنىدىغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، گەرچە « telephone ---电话 ،television--- 电视 ،telegram--- 电报 » قاتارلىق ئاتالغۇلار مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ « telephone ،telegram،television» لەردىكى «ئارىلىق» مەنىسى ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قوبۇل قىلىنغان بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدىكى ئاتالغۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسىي سېمانتېك مەنەلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەچكە، خىتايلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن.

ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىزچە« guitar--- 吉他 ،pizza ---比萨 ، combine --- 康拜因، cafe---咖啡، chocolate---巧克力 » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

رۇسچە платье--- 布拉吉،балалайка ---巴拉来喀 ، большевик---布尔什维克، «совет--- 苏维埃 قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار

ئۇيغۇرچە « بازار---巴扎، دۇتار--- 都他尔 ، چاپان --- 袷袢، كەتمەن --- 坎土曼»؛

ئەرەبچە - پارسچە « ھاجى --- 哈吉، خۇتبە --- 呼图白، ئامىن --- 阿门، ئاخۇن --- 阿訇» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

تىبەتچە : « لاما --- 喇嘛،خادا---哈达» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئاھاڭ – ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئۇيغۇرچە « ئىلى دەرياسى--- 伊黎河،تۇرپان ۋادىسى --- 吐鲁番盆地»قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئەرەبچە « ئەرەب --- 阿拉伯人، ئىسلام دىنى--- 伊斯兰教، قۇرئان --- 古兰经 ، ھەجرىيە --- 伊斯兰教历 » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئۇدۇل- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

«校车 --- school bus ,冰箱 ---refrigerator » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئاھاڭ-- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىزچە « carbine--- 卡宾枪، truck---卡车، motorcycle--- 摩托车» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

تەقلىد- مەنەن ياكى مەنەن- تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىزچە« football --- 榄橄球 (ئامېرىكىچە ) ، onion --- 洋葱، tomato---- 西红柿، zebra --- 斑马»قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئۇيغۇرچە « پولۇ---抓饭 ، داپ---手鼓 ، كاۋاپ --- 烤肉(养肉串) » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

پەن- تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە كىشىلىك تۇرمۇش فورماتسىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقى زاماندا خىتاي تىلىدىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى خىتاي تىلىدا بىر مەزگىل قوللىنىپ تاشلىۋېتىلگەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرمەكتە. ( ئۇ چاغلاردا فرانسۇزچە « 资产阶级 ) bourgeois- 布尔乔亚 بۇرژۇئازىيە »، ئىنگلىزچە « 维他命(维生素) vitamin- ۋىتامىن) » دەپ قوبۇل قىلىنغان ئىدى. )

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللار چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاساسەن كونسېرۋاتىپ كېلىدۇ. مۇمكىن بولسا، قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز- ئاتالغۇلارنى ئۆز يېزىقىدا ئىپادىلەشكە ئامال ئىزدەيدۇ.

## ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش

ھەرپلىك (ئېلىپبەلىك) يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلەر مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى چەت تىللاردىن سۆز-- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاساسى ئۇسۇل-- ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. ئاساسي لۇغەت فوندىغا سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن- ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاساسەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى رۇس تىلى، ئېنگلىز تىلى ۋە تۈركىي تىللار قاتارلىق تىللار چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر تىللار. بۇنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن رۇسلار، ئېنگلىزلار ۋە تۈرك مىللەتلىرىنىڭ تاشقى دۇنياغا قارىتا ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىسانلارنىڭ ئابستراكت ۋە كونكرېت مۇئەييەن بىر شەيئىنى بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىش ياكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىداردىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنىڭ ھەمدە شەيئىلەرنى شۇنداق تونۇش ۋە چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ تىللارنىڭ لۇغەت فوندىدىكى سۆز- ئاتالغۇلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارغان ۋە بارىدۇ. نۆۋەتتە بۇ تىللارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ لۇغەت فوندىدا بىر نەچچە يۈز مىڭدىن ئارتۇق سۆز – ئاتالغۇ بار. (ئېنگلىزچە 1993- يىلى نەشر قىلىنغان «Dictionary Encyclopedic NewWebster’s» دېگەن لۇغەتتە 200 مىڭ ئاتالغۇ، رۇسچە 1963- يىلى نەشر قىلىنغان « 俄汉大辞典 » ( « Большо русско- китайскй словарь » ) لۇغەتتە 105 مىڭ ئاتالغۇ، ئالتە توملۇق « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » دا بىر نەچچە يۈز مىڭ ئاتالغۇ بار. ).

ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى رۇس تىلى، ئېنگلىز تىلى ۋە تۈركىي تىللار قاتارلىق تىللاردا چەت تىللاردىن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئاساسەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئېنگلىز تىلى، رۇس تىلى ۋە تۈركىي تىللىرىغا چەت تىللاردىن زور مىقداردا سۆز- ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن. ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن :

ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىز تىلى: « tragedy، ecology ( ئېكولوگىيە،تراگېدىيە، گرېكچە)،formula، motor(فورمۇلا،ماتور،لاتىنچە) captain،mine، (كاپىتان، مىنا، فرانسۇزچە)، cable،gas( كابېل،گاز،گوللاندچە)front،diesel(فرونت، دېزىل، گېرمانچە )،bandit، mandolin( ماندارىن، باندىت،ئىتالىيانچە)،embargo،comprador( ئىمبارگو ، كومپراتور،ئىسپانچە)،samovar، tundra، balalaika( بالالايكا، تۇندرا، ساماۋار،رۇسچە)،islam،koran( ئىسلام، قۇرئان، ئەرەبچە) ، yoghurt،yurt،Kabob،khan(خان، كاۋاب، يۇرت، قېتىق، تۈركىي تىللىرى ) ،samurai،kimono ( ساموراي، ياپونلارنىڭ بىر خىل مىللىي كىيىمى، ياپونچە ) ، 长城--Greatwall، 气功--- qigong، 太极拳----taijiquan» ( تەيجىچۈەن ، چىگوڭ،سەددىچىن، خىتايچە ) قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

رۇس تىلى:«кредит،computer، (، كومپيۇتېر،كرېدىت، ئېنگلىزچە)،километр،инжHEP( ئىنژېنېر،كىلومېتر، فرانسۇزچە ) ،ассимиляция، Элемет( ئېلېمېنت، ئاسسىمىلاتسىيە،لاتىنچە ) ، фонетика ، археология(ئارخېئولوگىيە،فونېتىكا، گرېكچە ) ،мулла، рамазан ( رامىزان، موللا، ئەرەبچە )

ئاۋۋل -- **аул**، تاۋار--- **товар** ، ئۇلۇس--- **улус**،چايخانا--- **чайхана**، ئەتلەس --- **атлас** ( تۈركىي تىللار ) » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

رۇس تىلى : « **холодильник ---refrigerator**، **водныелыЖи --- waterskiing**( سۇ لېژىسى، مۇزلاتقۇ، ئېنگلىزچە ) قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئاھاڭ -- ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

رۇس تىلى« **---microwave**، **фотоаппарата---photo camera**، **кредитная карточка---card credit** **микроволновка**»( كرېدىت كارت ياكى كرېدىت كارتۇچكىسى، فوتو ئاپپارات ، ماكروۋى ، ئېنگلىزچە ) قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار ؛

مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

رۇس تىلى« **шляпа празидничная --- party hat**، **галстук-бабочка --- bowtie**، **футболка --- t- shirt**-»( مايكا ،بانتىك، بايراملىق شلەپە ئېنگلىزچە)قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

رۇس تىلى « **цилиндр --- top hat** ( بىر تۈرلۈك شلەپە) قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇر يېزىقمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى يېزىق بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئېنگلىز ۋە رۇس تىللىرىغا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

## ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىل سۆز- ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىش

ئۇيغۇر تىلى چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئىشىكنى كەڭ ئاچقان، ئاكتىپ ھەمدە تەشەب-بۇسكار بولغان ۋە قەدىمي ئەنئەنىگە ئىگە تىل. ھازىرغىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مىلادى **VIII** ئەسىرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ھىندى ۋە ئىران تىللىرىدىن بۇددا، مانى، نىستۇران ( خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى) دىنلىرىغا ئائىت سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، بۇددا،بۇتساتۇۋا،ساكيامۇن، ھىمالايا ( سانسكرىتچە ) .مىلادى **X** ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ئەرەب – پارس تىللىرىدىن كۆپلەپ سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى چوڭ تىللارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ قالماستىن، يەنە نوپۇسى ئازراق بولغان مىللەتلەردىنمۇ قوبۇل قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دىن، كائىنات ، تەبىئەت ، ئىجتىمائىي پەن، پەن- تېخنىكا ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسي ساھەلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر يېزىقمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى يېزىق بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى ئاساسلىق، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ- مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىقلار قوشۇمچە ئۇسۇللار سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ۋە كېلىنمەكتە. مەسىلەن :

ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:

ئەرەب تىلىدىن: سەنئەت، ئاسىيا، كائىنات، مەدەنىيەت، ئايەت، تەپەككۇر، ئەخلاق، مۇبارەك، مۇئەللىپ، ھىممەت، ھىجرىيە، ھىدايەت، نەپرەت، قۇتۇپ، دەۋر» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

پارس تىلىدىن: ئابرۇي، ئەينەك، بىباھا، پەگاھ، تەنھا، چىمەن، دىلىستان، پالۋان، راست، زومىگەر، ئاخۇن، ئاپىرىدە، مەستەك، پاناھ، تاماكا، تۇتى، چىراق، خامان، خۇنپەر، روناق قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز- ئاتالغۇلار: سامالىيوت، ساماۋار، شلەپە (رۇسچە)،دېموكراتىيە، ئاكادېمىيە، ئاناتومىيە ( گرېكچە)، فۇنكسىيە، دېكلاماتسىيە، راديو ( لاتىنچە) ، بانكا، كومىتېت، كومپانىيە (فرانسۇزچە)؛ دانكرات، شلانكا، دېزىل ( گېرمانچە)

ئاكورد، فونتان، باندىت (ئىتاليانچە)؛ كومپيۇتېر، پارك، بايقۇت (ئىنگلىزچە) ۋە تانكا، كابېل، رومكا ( گوللاندچە) قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئۇدۇل -- مەنەن ئۇسۇلى بىلەن :

خىتاي تىلىدىن : « 冰箱 --- توڭلاتقۇ، 录像机 --- سىنئالغۇ، 录音机 --- ئۈنئالغۇ» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

تەقلىد - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:

خىتاي تىلىدىن : « 乒乓球 --- تىك - تاك توپ، چاڭ ( خىتايلارنىڭ بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى ) » قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

ئاغزاكى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

تاتار تىلىدىن : « ئاپپاي، ئابزى، ئاۋىستاي، باقالى، تۇش، بال تورت» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

قازاق تىلىدىن : « ئاۋۇل، ئاقىن، دۇمبىرا، ئىرىمچىك، قىز قۇۋار» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

رۇس تىلىدىن : « خۇلىگەن، مېشچان، تۇرمە، پودىۋال، دوخۇپكا، كارىۋات، پىلىتا ، ماروژنى» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار؛

خىتايچىدىن : « پوتەي، تەتەي، پوپوزا، تاڭگازا، لازا، مەنجاڭ» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

يېقىنقى زامانلاردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى چەت تىللاردىكى سۆز- ئاتالغۇلارنى ئاساسەن رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ كەلگەن. ئۇزۇن تارىخي ئەنئەنىگە ئىگە. خىتاي – سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن، 1962 - يىلى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ «رېۋىزىئونىزمغا قارشى كۈرەش» قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدىكى خەلقئارالىق سۆز- ئاتالغۇلار سىقىپ چىقىرىلىپ، بۇ خەلقئارالىق سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا تومەنلەپ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن دەرسلىك كىتابلاردىكى بارلىق خەلقئارالىق تېرمىنلار خىتايچە ئاتالغۇلارغا ئۆزگەرتىلدى. (خىتايچە ئاتالغۇلار شۇنچىلىك كۆپ قوبۇل قىلىندىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر تىلشۇناسى تۇرسۇن رەخىموۋ ئوتتۇرا ھەجىملىك «خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى» نى تۈزۈپ، موسكۋادا نەشىر قىلدۇرغانىدى) . گېزىتلەردە «بۇ گوڭچاڭدا ھەر خىل لىڭجەنلەر جاگوڭ قىلىندۇ» دېگەندەك ئۇيغۇر ئاۋام - خەلقىگە چۈشىنىكسىز بولغان سۆز - ئىبارە ۋە جۈملىلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە مىللىيلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى قىيىنلاشتى. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلمىغاچقا، بۇلار ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ لۇغەت فوندىلىرىدىن ئاخىرى سىقىپ چىقىرىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىغا پەن- تېخنىكىغا دائىر ئاتالغۇلار گەرچە خىتايچە كىتاب- ژۇرناللار ۋە دەرسلىكلەر قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىشتا خىتايچە ئاتىلىشى بويىچە قوبۇل قىلىنماي يەنىلا رۇس تىلىغا مۇراجىئەت قىلىندى.

لېكىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ھەر قايسى ساھەلەر ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز- ئاتالغۇلار ئاساسەن خىتايچە ئاھاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنىپ كېلىندى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئۈزۈلگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەر خىل پائالىيەتلەر خىتايلار بىلەن بىللە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمىتى قارىمىقىدىكى مىللىي تىل- يېزىق ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن بولغان. گەرچە بۇ ئورگانلار ئاۋام - خەلق ئارىسىدا ئاللىقاچان خىتايچىدىن ئاغزاكى قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى كېيىنرەك قېلىپلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام - خەلق ئاللىقاچان بۇ سۆز- ئاتالغۇلارنى خىتايچە ئاتاشقا كۆنۈپ قالغاچقا داۋاملىق شۇ پېتى ئىشلىتىپ، يېڭىدىن بېكىتىپ بېرىلگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمىگەن. بۇ قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار پەقەت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان. چەت تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان، مۇئەييەن بىر مىللەتكە خاس مىللىي تۈسكە ئىگە سۆز- ئاتالغۇلار، مەسىلەن، مىللىي تاماق، كىيىم- كېچەك، چالغۇ - ئەسۋاب ۋە روھانىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت سۆز-

ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا ئاتالغۇ قوبۇل قىلغاندەك ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللار بۇ خىلدىكى مىللىي تۈسكە ئىگە سۆز- ئاتالغۇلارنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلغان. ھەتتا ختاي تىلىمۇ بۇ خىلدىكى سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان. بۇ تىللار تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تەۋە بۇ خىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندىمۇ ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا تېرمىنلارنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلغاندەك بىر تەرەپ قىلغان.

مەسىلەن، رۇسچە « بازار-- **базар**، دۇتار--- **дутар**، پولۇ --- **плов**، چاپان --- **чепан**، كەتمەن ---- **кетмень** » دەپ قوبۇل قىلىنغان. ختاي تىلىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ . مەسىلەن، « بازار --- 巴扎، دۇتار ---都他尔، چاپان --- 袷袢، كەتمەن --- 坎土曼، دولان مۇقامى --- 多郎木卡姆»، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن، رۇس تىلىدىن « **самовар** --- ساماۋار، **чайник** --- چەينەك ، **булка**--- بولكا ، **балалайка**--- بالالايكا ، **платье**--- پىلاتى »، ختاي تىلىدىكى « 钢笔 --- گاڭبى ، 瓜子--- گازىر، 普通话--- پۇتۇڭخۇا ، 中山服 ---- جۇڭسەنفۇ ، 亩--- مو» قاتارلىق سۆز- ئاتالغۇلار ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە قوبۇل قىلىنمىسا، مىللىي خاسلىقتا ئىگە بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى سېمانتىك مەنە قىممەتلىرىدىن چەتنەپ كېتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ختاي تىلىدىكى «干饭» سۆزى «گۇرۇچ ئاش» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «干饭» سۆزىنىڭ «ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن بىللە يېيىش ئۈچۈن دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان قۇرۇق گۇرۇچ» دېگەن سېمانتىك مەنىسى ئىپادىلەنمەي، ئۇيغۇرلاردا گۇرۇچ بىلەن تەييارلىنىدىغان ھەر خىل تاماقلارنى ئىپادىلەپ قېلىش ئېھتىماللىقى سادىر بولۇشى مۇمكىن. « 凉粉 » سۆزى « لىغىلداق » دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «凉粉» سۆزىنىڭ سېمانتىك مەنىسىدىكى «سۇدا قاينىتىپ ئۇيۇلغان پۇشمەنزە ئۈستىگە ئاچچىقسۇ، لازا قاتارلىقلارنى سېلىش ئارقىلىق تەييارلانغان بىر خىل تاماق» دېگەن مەنە چىقماي قالىدۇ. «خوشاڭ، جۇۋاۋا، يۇتازا، راڭپىزا، ماخۇار ۋە سومەن» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلىرىدىمۇ ختاي تىلىدا ئەسلىدە ئىگىلاتقان سېمانتىك مەنە قىممەتلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش زۆرۈركى، ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى —— بۇ خىل تەرجىمە ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ ئىنسانلارنىڭ شەيئىنىڭ ئابستراكت شەيئى ياكى كونكرېت شەيئى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن بىر شەيئىنى بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىش ياكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن، كىشىلەر «مۇستەقىل، پەلسەپە، قەلەم، گېزىت» قاتارلىق سۆزلەرنى چۈشەنگەندە بۇ سۆزلەرنى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئاساسەن چۈشەنمەستىن، بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن تىللاردا ئاتالغۇ قوبۇل قىلغاندا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە قوبۇل قىلىشنىڭ مەنتىقىسى.

ئۇيغۇر تىلى خەلقئارالىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن رۇس يېزىقىنى تەلەپپۇز قىلىش ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا تىللارغا قارىغاندا ئاسانىراق.

چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى، بولۇپمۇ پەن- تېخنىكا تېرمىنلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تىل ھادىسىسى. لېكىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئىلمىي بولۇش ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ھەددى- ھېسابسىز چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تۈپەيلى لۇغەت فوندى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاساسىي لۇغەت فوندى ئۆزىنىڭ مۇقىملىقىنى يوقىتىپ، ئەبجەش لۇغەت فوندىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن چەت تىللاردىن سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا «بېكىنمىچىلىق ۋە سىرتنى چەتكە قېقىش» خاھىشىدىن ساقلىنىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم، بولمىسا، ئۇيغۇر تىلى ئۆز لۇغەت بايلىقىنى تېخىمۇ بايلاشتۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، زاماننىڭ كەينىدە قېلىشى مۇمكىن.

خۇلاسە سۆز شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىل سۆز- ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا پىرىنسىپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش بولماستىن، قېلىپلاشتۇرۇش بولۇشى تېخىمۇ مۇۋاپىق.



# ھەسرەتلىك يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل

ھېكمەتيار ئىبراھىم




ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تالانتلىق يازغۇچىسى خالىدە ئىسرائىل 1952-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئىككى پۈتى سۇنغانلىق سەۋەبىدىن لاگېرغا ئېلىپ كەتكىلى بولماي ئۆيىدە نازارەتتە تۇرماقتا.

**يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل شەرقىي تۈركىستاندا كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر يازغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك، مۇنەۋۋەر يازغۇچىدۇر.»(1) خالىدە ئىسرائىل 1952-يىلى، 10-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.**

**مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى يىللىرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپ، 1958-يىلى ئائىلىسى بىلەن ئاقسۇغا كۆچۈپ بارغان. 1959-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە ئاقسۇدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1963-يىلى ئائىلىسى بويىچە خوتەنگە يۆتكىلىپ، خوتەندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1969-يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ، بۇ يېزىدا ئىككى يىل تۇرغان. 1972-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. 1975-يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. 2007-يىلى 11-ئايغىچە بۇ ئىدارىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇشۇ يىلى پېنسىيىگە چىققان.**

خىتاي ھۆكۈمىتى 2016-يىلى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا باشلىغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدىن كېيىن، خىتاي ياشىنىپ قالغان ۋە كۈنلىرىنى كېسەل ئازابى ۋە روھىي ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ ياشانغان مۆھتىرەم يازغۇچىنى قىلچىمۇ ئاياپ قويماستىن تۇتقۇن قىلىشقا ئۇرۇنغان. خالىدە ئىسرائىلنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالغىنىغا خېلى بولغاچقىلا، ئامالسىز ھالدا ئۆيىدە نەزەربەنت ئاستىغا ئالغان. يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر، گۈزەل تىل ماھارىتى ۋە يېنىك بايان ئۇسلۇبى سەۋەبلىك، ئوقۇرمەن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىن چەكسىز زوق ۋە مەنىۋىي ئوزۇق ئالالايدۇ. ئۇ 1987-يىلى «ئېھ، ھايات»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، نەزەربەنت قىلىنغانغا قەدەر كۆپلىگەن قىممەتلىك ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «رەڭدار قۇيۇن»، «ئۇ كۆزلەر»، «باھاردا ياغقان قار»، «ھاڭگىت كۆلى» قاتارلىق ھېكايە-پوۋېستلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە «ئوربىتا»، «ئارمان»، «مەختۇمسۇلا»، «تىمتاس شەھەر» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «تاش شەھەر»، «شەھەردە كالا يوق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. 2000 -يىللاردىن كېيىن نەزىرىنى يېڭى ئىجتىمائىي تېمىلارغا كۆپرەك قارىتىپ «مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر»، «باھار تىۋىشى»، «قەلبىمدىكى ھېكايە» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «ئانا دەرياني ئىزدەپ» ناملىق ئەدەبىي زىيارەت خاتىرىسىنى، «ئۈپۈقتىكى ئىزلار» ناملىق ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلغان. خالىدە ئىسرائىلنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان «كەچمىش» (2010-يىلى نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئالتۇن كەش» (2015-يىلى نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) قاتارلىق ئىككى رومانى ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىنمۇ بەك زور غۇلغۇلا قوزغىغان.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «ئەڭ خەتەرلىك كىتابلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، 2017-يىلى يىغىۋېلىنغان.(2)

«ئالتۇن كەش»تە مەۋجۇدىيەتنىڭ قىيىنلىقى، ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، غېرىپلىق ۋە ياتلىششتەك مەڭگۈلۈك تېمىلار قەلەمگە ئېلىنغان. «ئالتۇن كەشتە قارىماققا زىيالىيلارنىڭ تراگېدىيىلىك تارىخى يېزىلغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، 50-يىللاردىن كېيىنكى پۈتكۈل ئىجتىمائىي توپنىڭ قەلب تارىخى قىدىرىپ چىقىلغان. خالىدە ئىسرائىل خانىم بۇ ئەسەردە يالغۇز زىيالىيلارنىڭ كەچمىشلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ئىستەكلىرىنى، تەلپۈنۈشلىرىنى، غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.»(3)«

ئەنگىلىيىلىك نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى دورىس لېسسىڭ مۇنداق دېگەن: ھەقىقىي يازغۇچى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان توپقا ۋاكالىتەن سۆزلىشى كېرەك. خالىدە ئىسرائىل خانىم ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي توپقا، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن سۆزلىگەن.»(4)

خالىدە ئىسرائىل خانىم «ئالتۇن كەش» رومانى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ رومانىنى يېزىشىمدىكى مەقسەت، ھازىرقى كىشىلىرىمىزنى بىز قەدىرگە يەتمەيۋاتقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.»(5)

ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە خالىدە ئىسرائىل خانىم بىلەن خىزمەتداش بولۇپ ئىشلەپ، ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان جۈرئەت نىزامىدىن ئەپەندى خالىدە ئىسرائىل خانىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: خالىدە ھەدەم ناھايىتى كىچىك پېئىل، ئاددىي-ساددا ياشايدىغان، تىرىشچان، كىتابخۇمار ئايال ئىدى. كۆپ گەپ قىلمايتتى. بىز ئىشخانىدا بىكار بولۇپ، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرساق، خالىدە ھەدەم ئاندا-ساندا پاراڭغا ئارىلاشسا ئارىلىشاتتى، بولمىسا ئۆز ئۈستىلىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. توختىماي كىتاب ئوقۇيتتى. دادام خالىدە ھەدەم بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقان چاغلاردا داداممۇ شۇنداق دەيتتى. شۇنداقلا «خالىدە بەك ئەقىللىق ئايال، قەلىمى بەك كۈچلۈك» دەيتتى.(6)

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ئۆزىنىڭ ۋەتەن-مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىگە ئەڭ كۆپ يىغلىغان ۋە بۇ ھەقتىكى ئېچىنىش،

ئىزتىراپلىرىنى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر-بىر قۇرلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئۇستا يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور يېڭىلىق ۋە ئىلگىرىلەش ئېلىپ كەلگەن، ئۇيغۇر خەلقىگە بولسابولسا مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلغان. خالىدە ئىسرائىلدەك مەسئۇلىيەتچان، قەيسەر يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى كۈچەيتىش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى بېيىتىش ۋە ساقلاپ قېلىش جەھەتلەردە باشقا ھېچقانداق كىشى ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان بۈيۈك تۆھپىلەرنى ياراتتى. خالىدە ئىسرائىل يېزىقچىلىق سەۋىيىسى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان يازغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلىگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا سەۋىيە جەھەتتە دۇنيا ئەدەبىياتى سەۋىيىسىگە ئەڭ يېقىن ھېسابلىنىدۇ. خالىدە ئىسرائىل خۇددى ئاتقان ھەربىر ئوقىنى زايا كەتكۈزۈۋەتمەيدىغان ئۇستا مەرگەندەك، يازغان ھەر بىر ئەسرىدە ئېپادىلىمەكچى ۋە ھېس قىلدۇرماقچى بولغان كۆز قاراشلىرىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرالىغان. خالىدە ئىسرائىل ئازاب ئېڭى يوق، يېزىقچىلىق مۇددىئاسى نائېنىق، ئاز ئوقۇپ، كۆپ يېزىش سەۋەبلىك ئەدەبىيات كوچىسىنى پاخال قىلغان بەزى يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئەكسىچە، بىر ئۆمۈر كىتاب ئوقۇشنى ۋە ئۆگىنىشنى تاشلىمىغان.

يازغۇچى-شائىرلىرى غورۇرلۇق، زىيالىيلىرى سەگەك، لىدىرلىرى مەسئۇلىيەتچان مىللەتلەر ھەر زامان، ھەر ماكاندا يازغۇچىلىرى چاكىنا، زىيالىيلىرى گومۇش، لىدىرلىرى جانباقتى مىللەتلەرنىڭ يىغىسىنى تاماشا قىلىدۇ. خالىدە ئىسرائىل، نۇرمۇھەممەد توختى، ئادىل تۇنىياز، چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىق غورۇرلۇق شائىر يازغۇچىلىرىمىز ۋە پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي دۆلەت تېرورىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكىدەك شۇغىرغانلىق كۈنلەردە، بىزدەك ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. بىز بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىش توغرۇلۇق ھەر كۈنى ئويلىنىپ، قايغۇمىزنى كۈچكە ئايلاندۇرالىغان، ھەممە پۈتكۈل مىللەت سۈيىتىدە زۇلۇمغا قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئاتلانغىنىمىزدىلا، ئاندىن ئاسمىنىمىزنى قاپلىۋالغان قارا بۇلۇتلار تارقايدۇ. ئاللاھتىن خالىدە ئىسرائىلغا ۋە بارچە مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىمىزگە يۈكسەك چىدام، كۈچلۈك ئىمان، خەلقىمىزگە ھۆررىيەت ۋە بەخت-سائادەت تىلەيمىز. شۈبھىسىزكى، «ھەر قىيىنچىلىقتىن كېيىن، بىر ئاسانچىلىق بار.(7)

ئاخىرىدا چەتئەلدە ياشاۋاتقان قەلەم ساھىب-لىرىغا شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، قەلەم ئالەم يارىتىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. ئىنسانىنىڭ ئىدىيە-كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشتە قەلەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان باشقا بىر نەرسە يوق. چەتئەلدىكى قەلەمكەشلىرىمىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال ھېسابلانغان قەلىمى قولىغا ئېلىپ، ھەر قايسى ژانىرلاردا ۋە ھەر قايسى تىللاردا توختىماستىن يېزىشى كېرەك.

چەتئەلدىمۇ ئۆز ئاپتورلىرىمىزنىڭ قولىدىن ئونلىغان «ئالتۇن كەش»لەر چىقىشى، مەنىۋىيىتى قاغجىراپ، روھى يىمىرىلگەن سەرگەردان ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئەسەرلەردىن دەردىگە داۋا تاپالىشى كېرەك. ۋەتەندە يېزىلغان «ئالتۇن كەش» ئۇيغۇرنىڭ ئازابى ۋە دەردىنى قانداق بايان قىلغان بولسا، بىز ئۈمىد قىلىدىغان، چەتئەلدە يېزىلىپ نەشر قىلىنىدىغان «ئالتۇن كەش»لەرمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرنىڭ دەردى، قىممەت قارىشى ۋە ئارزۇسىنى دۇنياغا تونۇتۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا قەلەمكەشلىرىمىز ھەم ئۇيغۇر تىلىدا، ھەم چەتئەل تىللىرىدا ئەسەر يېزىشقا قەرزدار. ئۇيغۇرنى دۇنيا تونۇدى، ئەمما ئۇنىڭ ئازابى ۋە ئارزۇسىدىن دۇنيا تېخى بىخەۋەر. مانا بۇنى روياپقا چىقىرىش ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى مەڭگۈلۈك ۋەزىپىدۇر.

نەقىل مەنبەلىرى:

(1) ئالىي مۇھەررىر قۇربان مامۇتنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىدا «ئالتۇن كەش» رومانى ھەققىدىكى مەخسۇس سۆھبەت قىلغان سۆزى
(2) https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/qanun/chimengul-awut-11062018152033.html
(3)،(4) دوكتور زۇلپىقار باراتنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىدا «ئالتۇن كەش» رومانى ھەققىدىكى مەخسۇس سۆھبەتتە قىلغان سۆزى
(5) خالىدە ئىسرائىلنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىدا «ئالتۇن كەش» رومانى ھەققىدىكى مەخسۇس سۆھبەتتە قىلغان سۆزى
(6) https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/altun-kesh-04192019231551.html
(7) «قۇرئان كەرىم»، 93-سۈرە ئىنشىراھ، 7-ئايەت

# بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندەك، خىتاينىڭ تور سېپىلىمۇ ئۆرۈلىدۇ






## نايىل فېرگېسىن

بۇندىن ئوتتۇز يىل مۇقەددەم، مەن بېرلىنغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. مەن كۈچلۈك گېرمانىيە ماركى (deutschmarks) ئەمەس، قىممىتى تۆۋەن فوندستېرلىڭ خەجلەيدىغان نامرات ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ يەردە هامبۇرگ ياكى مىيۇنخېن شەھەرلىرىدىكىگە قارىغاندا ئازراق پۇل بىلەن ياشىيالايتتىم. شۇ ۋەجىدىن مەن 1989 – يىلى يازنى كۇرفۇرستېنستراسې (Kurfürstenstraße، بېرلىن شەھىرىدىكى بىر كوچا)دىكى دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۈم، ئۇ چاغدا مەن ۋاقتىمنىڭ يېرىمىنى ئارخىپخانىدا، يېرىمىنى ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. غەربىي بېرلىندا نەرسىلەر ئەرزان بولۇشتىن سىرت، بۇ يەر كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن، كىشىنى ھەقىقىي جەلب قىلىدىغىنى، بېرلىن تېمىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى «ھەقىقىي مەۋجۇت سوتسىيالىزم» دۇنياسى ئىدى.

ئۇ كۈنلەردە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان تۆت كۈچلۈك دۆلەت (ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، فىرانسىيە ۋە ئامېرىكا) كېلىشىمىنىڭ سايىسىدە، بېرلىندىكى ئەنگلىيە پۇقرالىرى شەرقتىن غەربكە خالىغانچە سەپەر قىلالايتتى، ئۇلار بۇ خىل ئىمتىياز ئۈچۈن پۇل تۆلىشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەمما، سىز بېرلىننىڭ شەرقىدىكى Friedrichstrasse بېكىتىدىن غەربىي بېرلىنغا قاتنايدىغان پويىزغا چىقسىڭىز، پۈتۈن پويىزدا ئۆزىڭىز يالغۇزلا قالاتتىڭىز. بۇ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان سەپەر ئىدى.

ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن، 1989 – يىلى يازدا ئىشلار ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىزلا، مەن پويىزدىكى بىردىنبىر يولۇچى بولماي قالدىم. ئەتراپىمدا ۋېنگىرلار ۋە پولەكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ غەربكە سەپەر قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانىكەن. مەن بۇ خەۋەردىن بەكلا ھاياجانلاندىم ۋە ئەنگلىيەدىكى بىر گېزىتقا «بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈۋاتىدۇ» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يوللىدىم. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ ماقالەمنى گېزىتقا باسقان بولسا، مەنمۇ سوتسىيالىزمنىڭ ھالاكىتىنى توغرا مۆلچەرلىگەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولاتتىم. لېكىن، ياردەمچى مۇھەررىر مېنى «رونالد رېگاننىڭ نۇتۇقلىرىنى بەك كۆپ ئاڭلىۋېتىپتۇ» دەپ قاراپ، ماقالەمنى باستۇرۇپ قويۇپتۇ.

تېخىمۇ يامان بولغىنى، 1989 – يىلى 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندە، مەن لوندوندا تۇرۇپ، قەدىناس دوستۇم مات فرېينىڭ BBC رادىيوسىغا بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بېرلىن كوچىلىرىدىكى كەچمىشلىرىمىزنى سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تارىخ ئەنە شۇ رەۋىشتە مەيدانغا كەلدى. مەن ئۇنى توغرا مۆلچەرلىگەنلەردىن بولالمايلا قالماي، ئۇنىڭغا شاھىت بولۇش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم بولدۇم.

كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىردىنبىر ئىش بىز تەرەپنىڭ، يەنى مارگارېت ساچېر، رونالد رېگان سېپىدىكىلەرنىڭ (كوممۇنىزىم لاگېرى ئۈستىدىن) غەلىبە قىلغانلىقى ئىدى. 1989 – يازدا يىراقنى كۆرەر بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان فىرانسىس فۇكۇياما (Francis Fukuyama)نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «مۇھىمى شۇكى... سىياسىي ئەركىنلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئەركىنلىككە (ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە) ئەگىشىپ كېلىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدىن كۆپ ئاستا بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر نەتىجىدەك قىلاتتى». مەن مارگارېت ساچېر بىلەن رونالد رېگاننى قوللايدىغان باكلاۋۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنى ياقىلايدىغان ئاز ساندىكى ياشلارنىڭ بىرى ئىدىم (ئەينى چاغدا ئارىمىزدا ئەنگلىيەنىڭ نۆۋەتتىكى باش ۋەزىرى بورىس جونسونمۇ بار ئىدى). بىز بازار ئەركىنلىكى بىلەن پۇقراۋى ئەركىنلىكنىڭ ھەرۋاقىت تەڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. رونالد رېگان 1987 – يىلى (گېرمانىيەدە سۆزلىگە نۇتقىدا) سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى گورباچېفقا خىتابەن «گورباچېف ئەپەندى، بۇ تامنى چېقىۋېتىڭ» دېگەن ۋاقىتتا بىز تەنتەنە قىلىشىپ كەتكەندۇق. ئەنە شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، رېئاللىق (بازار ئەركىنلىكى بىلەن پۇقراۋى ئەركىنلىكنىڭ ھەرۋاقىت تەڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت) كۆز قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

ئەمما، ئەمدى ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، بىز 1989 – يىلى گۆدەكلەرچە خاتا يەكۈن چىقارغانىكەنمىز. بىز مەركىزىي ۋە شەرقىي ياۋروپادا كوممۇنىزمنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ خىتايدىكى مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تامامەن تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىكەنمىز. بىز ھەر ئىشتا ياۋروپانى مەركەز قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، دىققىتىمىزنى شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باسمىچى يۈزىنى نامايەن قىلغان تيەنئەنمېن مەيدانىدىن بەكرەك تىمىسورا (Timisoara، رۇمىنىيەنىڭ غەربىدىكى شەھەر)غا قاراتقاندۇق.

ھازىر ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتكەندە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كېڭىيىشى، ھەتتا 1991 – يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىمۇ خىتاينىڭ 1989 – يىلىدىكى شىددەتلىك يۈكسىلىشى ئالدىدا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەسكەرتىش: 1989 – يىلى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) ئامېرىكانىڭكىنىڭ 8.2 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى. نۆۋەتتە خەلقئارا پۇل فوندى سانلىق مەلۇماتىغا كۆرە، خىتاينىڭ GDP سى ئامېرىكانىڭكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە، يەنى 66.6 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. سېتىۋېلىش كۈچىدىكى پەرقنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ئەمەلىيەتتە 2014 – يىلىدىن باشلاپ ئىزچىل ئامېرىكانىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزەلدىن بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققان 1970 – يىللاردا سوۋېت ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ئاران ئامېرىكانىڭكىنىڭ 44 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى.

نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، بىز «خىتايمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنى غەربنىڭ قويىنىغا ئاتىدۇ» دەپ ئۆز – ئۆزىمىزنى بەزلەپ كەلدۇق. بىز ئىنتېرنېتنىڭ ئۇشبۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق ئامىل بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان؛ خىتاينىڭ ئىنتېرنېتنى تىزگىنلەيمەن دېيىشى (كلىنتوننىڭ مەشھۇر سۆزىدىكىدەك) «مېۋە ئۈيۈتمىسىنى تامغا مىخلايمەن» دېگەندەكلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەپ قارىغانىدۇق. لېكىن، بۇ قارىشىمىزنىڭ بەكلا خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئەگەر بىز «مەركىزىي ياۋروپادىكى (كوممۇنىزمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ) ئەركىنلىككە ئېرىشكەن دۆلەتلەر كوممۇنىستىك تۈزۈمدە ئۆتكەن قىرىق يىللىق ئاچچىق كەچمىشى بىلەن خوشلىشىپ، غەربىي ياۋروپاغا يېقىنلىشىپ، بىزگە ئوخشاش بولۇپ ئۆزگىرىدۇ » دەپ قارىساق، ئوخشاشلا خاتالاشقان بولىمىز.

مەسىلەن، پولشا ئۆتكەن ئوتتۇز يىلدا ئىقتىساد جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، پولشادا (يۇقىرىدا دېيىلگەندەك غەربىي ياۋروپاغا ئوخشاش بولۇپ ئۆزگىرىشتەك) بۇنداق بىر ئىش يۈز بەرمىدى. ۋىكتور ئوربان (Viktor Orbán) نىڭ رەھبەرلىكىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى پۇقراچى (populist) «ئەسكى بالا»غا ئايلانغان ۋېنگىرىيەدىمۇ ھەم بۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى. مەن بىلەن بىللە 1989 – يىلىدىكى ۋەقەنى تەبرىكلەشكەن دوستلىرىم بۈگۈنكى كۈندە ۋارشاۋا (پولشانىڭ پايتەختى) ۋە بۇداپېست (ۋېنگىرىيەنىڭ پايتەختى) تىكى تەرەققىياتقا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى ئىپادىلەشمەكتە.

تېخىمۇ مۇھىمى، مەن ھازىر «خىتاي غايەت زور سانلىق مەلۇمات، يۈز تونۇش تېخنىكىسى ۋە سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق پىلانلىق ئىگىلىكنى، شۇنداقلا ھاكىم مۇتلەقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ» دەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە پەقەتلا قۇلاق سالمايمەن (يەنى، بۇ يەكۈن توغرا بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىسى بۇلار ئەمەس). چۈنكى، بۇ 1989 – يىلىدىكى تۆۋەندىكىدەك ھالقىلىق نۇقتىلارنى تامامەن خاتا چۈشىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

1. سوۋېت ئېمپېرىيەسى ئىقتىسادىنى كۈچەيتىشكە قادىر بولغانلا بولسا، يەنىلا پارچىلانمىغان بولاتتى. ئەمما، ئىقتىساد تۇرغۇنلاشقاندا پۈتۈن سىستېما يىمىرىلىشكە باشلىدى. 1970 – يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېشىشىدا مەنپىي سان كۆرۈلۈپ، 1973 – يىلىدىن 1990 – يىلىغىچە پولشا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى) بارلىق «ئىستان»لىرىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئېشىش نىسبىتى مەنپىي بولغانىدى. ئەگەر بارلىق كۆرسەتكۈچ ۋە مۆلچەرلەردە دېيىلىۋاتقىنىدەك، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلىسە، پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكىدەك.

2. ئىقتىسادىي ئېشىش بۇرژۇئا قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇلار دېموكراتىيەنى تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، قۇرۇق سىياسىي تەشۋىقاتلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. داڭلىق تارىخشۇناس تىموسى گارتون ئاش (Timothy Garton Ash)نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، باشلامچىلىق بىلەن ئىنقىلاب قىلىدىغانلار بۇرژۇئا زىيالىيلىرىدۇر». چېخسلوۋاكىيەدىكى خاۋېل (Václav Havel) ۋە پولشادىكى برونىسلاۋ گېرېمەك (Bronislaw Geremek) بىردەك مۇشۇ تۈرگە تەۋە كىشىلەردۇر. ھازىر خىتايدىمۇ ئەي ۋېيۋېي (艾未未) غا ئوخشاش مۇشۇ تۈردىكى ئادەملەر بار.

3. بىر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈزۈلمىدە ھەقىقىي قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەۋجۇت بولمىغاچقا، چىرىكلىك يامراپ، تەبىئىي مۇھىت بۇلغىنىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى ئۈنۈمسىزلىشىدۇ. مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى يوق، چىرىك بىر تۈزۈلمىدە، چىرىكلىككە قارشى تۇرغۇچى ئۆزىمۇ پەقەتلا چىرىكلەشكەنلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولىدۇ، خالاس. پارتىيەنىڭ ئىمتىيازى قانۇندىن ئۈستۈن بولغاچقا، ھەددىدىن ئېشىپ، ئاسانلا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

4. خەلقنى نارازەت قىلىدىغان ھەرقانداق بىر تۈزۈلمە قانۇنىيلىقنى يوقاتقان ھاكىمىيەتنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شەرقىي گېرمانىيە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى Stasi نىڭ پۇقرالارنى بىر – بىرىنى نازارەت قىلغۇزىدىغان غايەت زور سىستېمىسىغا تايىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇسكۈنىلەر يوق شارائىتتىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى پۈتكۈل ئەھۋاللاردىن، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ شەرقىي گېرمانىيەنىڭ گۇمران بولۇشىنى توسۇپ قالالمىدى.

5. پۈتۈن خەلق نارازەت قىلىنىدىغان بىر دۆلەتتە، ھەممە ئادەم يالغان گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ. لېكىن، ھەممە ئادەم يالغان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالسا، بۇ ئەينى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتەم سىگنالى بولۇپ قالغان چېرنوبىل يادرو ئاپىتى (1986 – يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ 26 – كۈنى يۈز بەرگەن)گە ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ؛ ياكى بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولغاندەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەينى چاغدا شەرقىي گېرمانىيە سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى گۈنتەر شابوۋسكى (Günter Schabowski) غەلىتە بىر شەكىلدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، «پات يېقىندا» چەتئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشنىڭ «ھەر بىر شەرقىي گېرمانىيە پۇقراسى ئۈچۈن مۇمكىن بولىدىغانلىقى» توغرىسىدىكى

«مەخپىيەتلىك»تىن شەپە بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن بىر ئاي ئاۋۋال، يېڭى ۋە ئىسلاھاتچى ھۆكۈمەتنىڭ تۇيۇقسىزلا قۇرۇلۇشى سەۋەبلىك شەرقىي گېرمانىيەنىڭ ۋەزىيىتى ئەسلىدىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. شابوۋىسكى بۇ (ئاتالمىش) يېڭى ساياھەت بەلگىلىمىسىنى جاكارلاشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. ماري ساروتىنىڭ «يىقىلىش: بېرلىن تېمىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى» (The Collapse: The Accidental Opening of the Berlin Wall) دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ يەردىكى ھالقىلىق نۇقتا شۇكى، ئەينى چاغدا شەرقىي گېرمانىيەدىكى كومپارتىيە سەرخىللىرى بىلەن بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچ كەمچىل بولغاچقا، يۇقىرالار شابوۋىسكىنىڭ يۇقىرىقى (ساياھەت قىلىش رۇخسىتى توغرىسىدىكى) «بايانات»ىنى ئاڭلاپ (چەتئەلگە چىقىش ئۈچۈن) چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغاندا، ئۇلار ئىشپىيونلۇق ئورگىنى Stasi نىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن بىرى بولغان ھېرالد جاگەر (Harald Jäger) نىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشىنىڭ ئورنىغا خەلقنى ئوقۇا تۇتۇشىنى توسۇپ قالالمىدى (ئەنە ئاشۇ ۋەقە بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە ۋە شەرقىي گېرمانىيە كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلىشىغا سەۋەب بولغان).

**6**. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پارچىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇگۈن نەزىرىمىزنى بېيجىڭغا مەركەزلەشتۈرۈۋالماي، خوڭكوڭنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە تەيۋەننىڭ ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى **1988** – يىلى يازدىكى پولشا ۋەقەسى (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەت مىقياسىدا ئىش تاشلاش ھەرىكىتى قوزغىغان)نىڭ ئاۋۋال ۋېنگىرىيەگە، ئاندىن ئۇ يەردىن گېرمانىيەنىڭ لېيپزىگ شەھىرىگە يامرىشى دېگەندەك بىر قاتار زەنجىرسىمان رېئاكسىيەلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. لېيپزىگنى گېرمانىيەنىڭ «تيەنئەنمېن» مەيدانى دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا بۇ زەنجىرسىمان رېئاكسىيە لېيپزىگتىن بېرلىنغا، بېرلىندىن بۇلغارىيە، چېخ، رۇمىنىيە، لىتۋىيەگە يېيىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى گۇمران قىلغانىدى.

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان جەريان خىتاينىڭ «تور سېپىلىنى »نى ئۆرۈۋېتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە مەن زېھنىمنى بېرلىندىن بەكرەك بېيجىڭغا مەركەزلەشتۈرۈۋاتىمەن. شۇ ۋەجىدىن، يۇقىرىقى ۋە باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەرگە ئاساسەن، مەن بۇ ھەقتە يەنە بىر مۆلچەرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى:

مەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، گەرچە خىتاي ئىجتىمائىي ئىشەنچ تۈزۈمى، 24 سائەتلىك نازارەت قىلىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارغا تايانسىمۇ، لېكىن ئاستىلىغان ئىقتىسادىي ئېشىش، تەلەپلىرى كۆپىيىۋاتقان ئوتتۇرا بۇرژۇئا قاتلىمى، چىرىكلىك قان – قېنىغا سىڭىپ كەتكەن سىياسىي تۈزۈلمە، چاكىنا پەردازلاش كۇلتۇرى ۋە چەت رايونلاردىكى پارچىلىنىش ئالامەتلىرى سەۋەبلىك خىتاي كەلگۈسى ئون ~ يىگىرمە يىل ئىچىدە يىقىلىشتىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ.

خىتاينىڭ «تور سېپىلى » ئۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنداقلا، ئوتتۇز يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا، سىرتتىن كەلگەن بېسىم بۇ ئۆرۈلۈش جەريانىنى تېزلىتىۋاتىدۇ.

گەرچە نۆۋەتتە ئاكادېمىك قاراشلاردا، بېرلىن تېمى تاشقى بېسىمدىن بەكرەك ئىچكى بېسىم سەۋەبلىك ئۆرۈلگەن، دەپ قارىلىۋاتقان، شەرقىي گېرمانىيەدىكى ئۆكتىچى مارىيانى بىرىسلېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئالدى بىلەن بىز ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق، شۇ ۋەجىدىن تام (بېرلىن تېمى) ئۆرۈلدى» دېيىلىۋاتقان، شۇنداقلا بۇ خىل يەكۈنلەر كىشىگە رونالد رېگاننىڭ **1987** – يىلىدىكى نۇتقىنىڭ بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى ئۈچۈن ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى يوقتەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، لېكىن (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشىدىن بەكرەك، ئۆزىدىكى ئىچكى سەۋەبلەر تۈرتكە بولغان، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى بۇ جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمىغان دەيدىغان) بۇ خىل قاراش رېۋىزىئونىزم (تۈزەتمىچىلىك) ۋە بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئامېرىكا ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلەتمىگەن؛ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى **1970** – يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

**SS-20 تىپلىق (يادرو ئوق بېشى سەپلەنگەن) باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ تۇرغان؛ ھەتتا رونالد رېگان 1987 – يىلىدىكى نۇتقىدا «گورباچېف ئەپەندى، بۇ تامنى چېقىۋېتىڭ» دېمىگەن تەقدىردىمۇ، (ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا) مەزكۇر دۆلەتلەردىكى ئۆكتىچىلەر يەنىلا (ئۆز كۈچىگە تايىنىپ) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالىغان بولاتتى.**

**ئەمما، رېئاللىق شۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدا، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى مەزكۇر دۆلەتلەردىكى ئۆكتىچىلەرگە ياردەم قىلغان ۋە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارش تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلارغا ئىلھام بەخش ئەتكەن. بۇ ياردەملەر 1940 – يىللاردىن باشلاپ «ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى» (Radio Free Europe) ۋە «ئەركىنلىك رادىيوسى» (Radio Liberty) قاتارلىقلاردا قىلىنغان تەشۋىقاتلارنى؛ 1975 – يىلى خېلسىنكىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىر قاتار كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىملىرىگە ئىمزا قويغۇزۇشنى (گەرچە سوۋېت بۇ كېلىشىملەرگە قاتتىق خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ)؛ ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىغا غەربتىكى ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە نامايەن قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (ئەنە شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى تاشقى بېسىملارمۇ خىتاينىڭ يىقىلىشىغا تۈرتكە بولغۇسى!)**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://www.bostonglobe.com/opinion/2019/11/04/like-berlin-wall-china-great-firewall-will-also-fall/CcKw8IuRjhQgVoGRpFvxjJ/story.html**



# لاگېر سىرتىدىكى كىملەر خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا؟!

ئەلبىلگە

بىز بۇرۇنقى ماقالىلەردە «خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۇرمىلەردە، ئۈچتىن بىر قىسمىنى لاگېر ياكى تۇرمە سىرتىدا كونترول قىلىدۇ، ئاخىرىدا قېلىپ قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى بولسا، قېرىلار، كىچىك باللار ۋە خىتايلار تۇرمىلەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ چىققان ئۇيغۇرلار» دېگەن نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق.

هازىرغىچە تۇتۇلغان ئۈچ ~ تۆت مىليون ئۇيغۇر ئاساسىي جەھەتتىن (خىتاي ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان) ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت ئىسپاتلار بىر قۇر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، خىتايلارنىڭ لاگېر سىرتىدا قايسى ئۈچتىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى قانداق قىلىپ تۇرمىدىكى بىلەن ئوخشاش كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئائىت ئۇقۇملار ئېنىق ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىز مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، يەنى ھەر قانداق بىر ئائىلىدە، ئەر - ئاياللىرىدىن بىرەيلەن تۇتۇلغان بولسا، يەنە بىرەيلەنمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ياكى ئۇمۇ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر بىر ئائىلىدىكى ئادەم سانى ئادەتتە ئۈچ ياكى تۆت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرقىسىم ئۇيغۇرلار لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لاگېر سىرتىدىكى بۇ ئۈچتىن بىر ئۇيغۇرنىڭ زور بىر قىسمى، لاگېر ئىچى ياكى سىرتىدا ئىشلەۋاتقان، لاگېر بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

لاگېر مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2018-يىلى يازدا لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، 2018 - يىلى ئۆكتەبىرگە كەلگەندە «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ ئۆزىنى ئاقلىشى، كېيىنكى كۈنلەردە «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى»دەپ ئاتاپ، ھەر خىل كەسپىي تەربىيەلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقئارادىكى مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشىدىن خىتايلارنىڭ لاگېر قۇرۇلۇشىنى قانچىلىك مەخپىي تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇلار مەيلى لاگېر ئىچى - سىرتىدا ئىشلىسۇن، ياكى لاگېر بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مۇناسىۋىتى بار خىزمەتلەرنى قىلسۇن، ئىنتايىن چوڭ بېسىم ۋە تەھدىت ئىچىدە ئىشلەيدىغانلىقى، ياشايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى لاگېر مەخپىي قورۇلۇش بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەرىكىتى ۋە ئىپادىسى ئۇلارنىڭ قاتتىق جازالىنىشىغا، لاگېرلارغا سولىنىشىغا، ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلىنىشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولۇپ قالغان. بۇ نۇقتىنى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ھەر قانداق ئۇيغۇر ھېس قىلالىسا كېرەك. چۈنكى، بىز ئائىلە ئەزالىرى بىلەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن، تونۇش - بىلىش ۋە سابىق خىزمەتداشلىرىمىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمايمىز.

بىز بۇ دوكلاتنى گەرچە لاگېردا تۇتۇلمىسىمۇ، مەيلى خىزمەت ئورۇنلىرىدا بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا بولسۇن، لاگېر بىلەن ئوخشاش كونتروللۇقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىدۇق.

بىز بۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىپ پۈتتۈرەي دېگەن ۋاقىتتا، يەنى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 400 بەتلىك مەخپىي ھۆججەتلىرىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خەۋەردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ بېسىمدا، بولۇپمۇ «خاتالىشىپ قېلىش»تىن ئىبارەت چوڭ تەھدىت ئاستىدا ئىشلەيدىغانلىقىغا ئائىت ئىسپاتلار تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەكۈنىمىزنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئىسپاتلاپ بەردى. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى كومپارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگو 2017-يىلى 2- ئايدىكى بىر قېتىملىق يىغىندا «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە تەدبىرلەرنى قوللىنىشىغا ئىلھام بېرىپ، ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدىن گۇمان قىلىشىنىڭ ھەر قانداق بىر ئىپادىسىنى جىنايەت دەپ بېكىتىش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت چېن چۈەنگو يەنە «كۆكۈم - تالقان قىلىش»، «پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىش»، «تۇتۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇش»، «بۇ قېتىملىق ھەرىكەت بىر قېتىملىق خەلق ئۇرۇشى (خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئۇرۇشى)دۇر» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بېسىم بىلەن ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش پىلانىنى ئىجرا قىلدۇرغان. مەيلى سۆزىدە ياكى ئىدىيەسىدە بۇ لاگېر تۇتقۇنچىلىقى توغرۇلۇق باشقىچە پىكىردە ياكى گۇماندا بولغانلارنى كەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. بۇ خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى 2017 - يىلىنىڭ ئىچىدىلا 12000 ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى تەكشۈرگەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار.

«ئۈچتىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار لاگېر سىرتىدا كونترول قىلىنىدۇ» دېگەندە، بۇ سان ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بىز لاگېرلارنىڭ كۆلىمى، چېتىلىدىغان دائىرىسى ۋە لاگېرنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئارقا سەپ خىزمەتلىرى قاتارلىق كەڭ دائىرىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، لاگېر سىرتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەن ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە كونترول قىلىنىدىغانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ئۈستى ئوچۇق تۈرمە»گە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## بىرىنچى، لاگېرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن زور

### 1. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر سولانغان لاگېرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ

گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادريان زېنزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 2019-يىلى 11- ئايغا كەلگۈچە

شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنىڭ سانى ئاز دېگەندە مىڭدىن ئاشقان. زىمىستان (bitterwinter.org) تورىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 2017-يىلدىن باشلاپ «لاگېر» يولغا قويۇلغاندىن بېرى هازىرغىچە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، يەكۈنلىگەن سانىمۇ ئۈچ مىليوندىن تۆت مىليونغىچە. ھەمدە بۇ سانلار ھەر بىر سېكۇنتتا ئېشىپ بارماقتا.

## 2. ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە تارقاقلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ دائىرىسى كەڭرى

2018-يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى تۈرمىلەرگە مىڭلاپ – ئون مىڭلاپ يۆتكىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاي زېمىنىنىڭ چوڭ بولۇشى، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا يۆتكەش پىلانىنىڭ ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، زادى قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئېنىق بىر سان يوق. لېكىن، زىمىستان (Bitterwinter.org) تورىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاز دېگەندە 500 مىڭ ئۇيغۇر مەھبۇس 2018 - يىلدىن باشلاپ خىتاي ئۆلكىلىرىگە تارقىتىۋېتىلگەن. بۇ تور بەتنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيەسىگە 2000 ئۇيغۇر مەھبۇسنى يۆتكىگەن، شەنشى ئۆلكىسىگە 25000 ئۇيغۇر مەھبۇسنى يۆتكىگەن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھرىگە 1000 ئۇيغۇر مەھبۇسنى يۆتكىگەن. هازىرغىچە ئاشكارىلانغان، ئۇيغۇرلار يۆتكەلگەن ئۆلكىلەر گەنسۇ، خېنەن، ئىچكى موڭغۇل، خېيلوڭجياڭ، شەنشى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن سىرت ئاشكارىلانمىغان ئۆلكىلەرنى بىز بىلمەيمىز. 9 - ئاينىڭ 20-كۈنى ھەرقايسى تاراتقۇلاردا ئاشكارىلانغان، ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنى پويىز ئىستانسىسىدا يۆتكەپ كېتىۋاتقان ۋىدىيودا، ھەر بىر مەھبۇسنى بىر ساقچى ئېلىپ ماڭغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا 500 مىڭ ئۇيغۇر مەھبۇسنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 500 مىڭدىن ئارتۇق ساقچى ئاجرىتىلغان.

## ئىككىنچى. لاگېرغا سولاش ھەرىكىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ

## 1. خىتايلارنىڭ قوشماق تۇغقان سىياسىتى

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ بىر مىليون خىتاي كادىرلىرىنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە يېتىپ - قوپۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كادىرلار ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، نازارەت قىلىپ، ئۇنى دوكلات قىلىپ يۇقىرىغا تاپشۇرغان. ئاندىن كېيىن ھەر بىر ئائىلىدىكى دوكلاتلارنى مەخسۇس ئادەم تەھلىل قىلىپ، شۇ ئائىلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىدىيەسىدە مەسىلە بارلىقىنى مەجبۇرىي ئويدۇرۇپ چىققان.

## 2. ئۇيغۇر بالىلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش سىياسىتى

ئۇيغۇر بالىلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ ئېلىپ كېتىش لاگېر پىلانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ياكى ئىككىسىدىن بىرى تۇتۇلغان ھەر قانداق ئائىلىنىڭ كىچىك بالىلىرىنى ھۆكۈمەت ئېلىپ كەتكەن.

زىمىستان تورىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، 2018 - يىلى 6 - ئايغىچە خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىنىڭ ئۆزىدىلا بەش ياشتىن تۆۋەن 2000 بالا ئاتا-ئانىسىدىن مەجبۇر ئايرىۋېتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ «ئەيشىن يەسلىسى» گە يىغىۋېلىنغان .بىز لوپ ناھىيەسىنىڭ سانىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى 23 شەھەر،

68 ناھىيەگە ئاساسەن، يەنى 91 ناھىيە ۋە شەھەرلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 2000 بالا ئېلىپ كېتىلدى دېسەكمۇ، جەمئىي ئېلىپ كېتىلگەن بالىلارنىڭ سانى 182000 بولۇپ چىقىدۇ. بۇ 2018 - يىلى 6 - ئايدىكى سان بولغاچقا، 2019 - يىلىنىڭ 11 - ئايغىچە تۇتۇلغان بالىلارنى مۆلچەرلەپ باقساق، يەنى بۇ بىر يېرىم يىلنىڭ ئىچىدە بىر ھەسسىدىن بىر يېرىم ھەسسىگىچە كۆپەيدى، دەپ پەرەز قىلساق، ئېلىپ كېتىلگەن بالىلارنىڭ سانىنىڭ 350 مىڭدىن 500 مىڭغىچە بولۇشى ئەمەلىيەتكە ناھايىتى يېقىن.

### 3. كوچىلاردىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن چارلاش ۋە تەكشۈرۈش سىياسىتى

شەرقىي تۈركىستان نۆۋەتتە ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۈستى ئوچۇق تۈرمە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە چىڭ. خىتاي سىكرېتارى چېن چۇەنگو شەرقىي تۈركىستانغا بارغاندىن كېيىن، 2017-يىلىنىڭ ئۆزىدىلا 90 مىڭ ساقچىنى ئىشقا قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ سان 2009 - يىلدىكىدىن 12 ھەسسە كۆپ.

بىز ھازىرقى ۋەتىنىنىڭ خالىغان شەھىرىگە بارساق، ھەر 100 مېتىر ياكى ھەر بىر كوچىدا كىچىك تەكشۈرۈش نۇقتىسى، كوچىلاردىكى ھەر بىر يول ئېغىزىدا، دۇكانلاردا، ئىدارىلەرنىڭ ئىشىكىدە، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە تۆت ياكى ئالتىدىن ساقچىلارنىڭ چارلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ساقچىلارنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ خىزمەتنى قىلىدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇر ساقچىلار.

### 4. تور ۋە تېلېفوننى نازارەت قىلىش سىياسىتى

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى نازارەت قىلىنىپلا قالماستىن، كومپيۇتېر ئىشلىتىش، ئەقلىي تېلېفون ئىشلىتىش، تېلېفون بېرىش ۋە تېلېفون ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر ساقچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېفوننى ئاڭلايدۇ ھەم تور ئىشلىتىشىنى نازارەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قانچە نۇقتىلاردىن شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارغا تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى (project) نىڭ ھەجمى ۋە چېتىلىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ، لاگېردا بىۋاسىتە ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ سانىنىڭمۇ ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىقى تەھلىللەرگە ئاساسەن، بىز لاگېردا تۇتۇلغان ئەمەس، لېكىن لاگېر ئىچى ۋە سىرتىدا، لاگېرغا بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مۇلازىمەت قىلىدىغان، لاگېر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە كونترول قىلىنىدىغان خادىملارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ كاتېگورىيەگە ئاجراتتۇق.

بىرىنچى:

1. بارلىق لاگېر ۋە تۈرمىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېر ۋە تۈرمە سىرتىدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.
2. لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولانمىغان، نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىدىغان ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇرلار.
3. بارلىق ئوقۇغۇچىلار، يەنى تولۇقسىز - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھەم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

ئىككىنچى: لاگېر ۋە تۈرمە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى قىلىدىغان ئۇيغۇر خادىملار. بۇ خادىملار گەرچە لاگېر ياكى تۈرمىگە تۇتقۇن قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن لاگېر ۋە تۈرمە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. لاگېردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ساقچىلار
2. لاگېردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار
3. لاگېردا ئىشلەيدىغان دوختۇر خادىملار

4.لاگېردا ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر،مەسلەن ئاشپەزلەر، تازىلىقچىلار،بىنا باشقۇرغۇچىلار.
5. لاگېر ۋە تۈرمە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان شوپۇرلار
6. لاگېرنىڭ ئىچىگە قۇرۇلغان زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان باشقۇرغۇچى خادىملار
7. لاگېرنىڭ يېنىغا سېلىنغان «مېيىت كۆيدۈرۈش» ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار

ئۈچىنچى: لاگېر بىلەن ئۇچراشمايدىغان لېكىن لاگېر قۇرۇلۇشى (project)دا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار.

بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار.

2. بىۋاستە لاگېر قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان، سىياسىي قانۇن، دۆلەت بىخەتەرلىك، جامائەت خەۋپسىزلىك، ئەدلىيە، سوت ئورگانلىرىدا بىۋاستە لاگېرغا قانچىلىك ئادەم تۇتۇشنى پىلانلاش، تۇتۇلغانلارنى لاگېر ياكى تۈرمىلەرگە ئاپىرىشنى قارار قىلىش، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەش لايىھەسىنى بېكىتىش ۋە يۇقىرىقى قارار ۋە لايىھىلەرنى بىۋاستە ئىجرا قىلىش قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى قاتناشقان ئۇيغۇر خادىملار.

3. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوچا-كوچىلىرىدا چارلاشقا قاتنىشىۋاتقان، تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ساقچىلار.

4. تور ساقچىلىرى ۋە تېلېفون ئاڭلاش ساقچىلىرى.

5. ھەرقايسى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى، بولۇپمۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، يېزىلىق ھۆكۈمەت، بازارلىق ھۆكۈمەت، كەنت ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى، لاگېرلار ئارقا سېپى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر خادىملار.

6. شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، خىتاي خادىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلەردە ياتقاندىن كېيىن خاتىرىلىگەن ئۇچۇرلىرى ۋە دوكلاتىغا ئاساسەن، تۇپلانغان دوكلاتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھەر بىر ياكى ئايرىم ئائىلىلەردىن كىملەرنى تۇتۇپ لاگېرغا سولاش جەھەتلەردە بىۋاستە قارارغا قاتناشقان ھەم ئىجرا قىلغان ئۇيغۇر خادىملار.

7. ئاھالىلەر خىزمىتىنى ئىشلەشكە بىۋاستە قاتناشقان ئۇيغۇر خادىملار.

بۇلار تۆۋەندىكىچە:

. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە خىزمىتىنى قىلىدىغان ئۇيغۇر كادىرلار

. بارلىق دىنىي كىتابلار، ئۇيغۇرچە كىتابلار، ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى يىغىپ كۆيدۈرۈش، ئىسلامىي بەلگىلەرنى ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە بىۋاستە قاتناشقان ئۇيغۇر خادىملار.

. مەسچىت ۋە مازارلارنى چېقىشقا قاتناشقان خادىملار.

. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە ناماز ئوقۇغان ياكى ئوقۇمىغانلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەيدىغان خادىملار.

. ئۇيغۇر ئاھالىلەرگە چوشقا گۆشىنى تارقىتىش، ھاراق ئىچىشكە دەۋەت قىلىش ياكى ھەرخىل ھاراق ئىچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئائىلىلەردە، مەسچىتتە دۆلەت بايرىقىنى ئېسىش، دۆلەت شېئىرىنى يادلاش، كومپارتىيەنى مەدھىيلەش، ئىسلام ئېتىقادىنى تەرك ئېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى بىۋاستە پىلانلاشقا قاتناشقان ئۇيغۇر خادىملار.

. ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىتنى دەپنە قىلىش جەريانىغا بىۋاستە قاتناشقان ئۇيغۇرلار. (ھازىر ھەر بىر مازىرىمنىڭ يېنىدا ھۆكۈمەتنىڭ سالغان بىر دەپنە قىلىش ئورنى بولۇپ، ھەر قانداق ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەستىن، چوقۇم شۇ بەلگىلەنگەن ئورۇندا دەپنە قىلىش تەلەپ قىلىنغان).

. مەكتەپلەردىكى، ئاتا - ئانىسى لاگېر ياكى تۈرمىلەرگە تاشلانغان ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت ئىشلەشكە قاتناشقان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار. بۇ يەردىكى خىزمەت ھەرگىزمۇ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى تەربىيە بولماستىن، ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇتۇش، ئۇلارغا تەھدىت سېلىش خىزمىتىدۇر. ھازىر چوڭ - كىچىك دېمەي باشلانغۇچتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە، بارلىق مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن زور روھىي بېسىمدا بولۇپ، مەكتەپ ئۇلارغا ئەگەر ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى سىرتقا دەيدىغان ئىش بولسا، ئۇلارنى

تۇرمىگە سولايمىز، ياكى ئاتا - ئانىڭنى تېخىمۇ ئېغىر جازالايمىز، دەپ تەھدىت سالغان.

خۇلاسە

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خادىملارنىڭ ھەممىسى گەرچە لاگېرغا ئېلىپ كېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى لاگېرغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مۇلازىمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇتلەق كونتروللۇقىدا ياشىماقتا. ئۇلار گەرچە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولسىمۇ، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئېلىپ ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسى لاگېر ياكى تۇرمىدىكىلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلار تۇرمە سىرتىدا تۇرۇپ، تۇرمىدىكىدەك كونتروللۇقتا بولۇپ، بۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، قىلغان ھەر بىر سۆزى، ئىشى، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىگە ياكى تۇرمىلەرگە سولىنىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولىدىكەن. شۇڭا بۇلار گەرچە لاگېر ياكى تۇرمىلەردە بولمىسىمۇ، لېكىن لاگېر ۋە تۇرمىلەردە تۇتۇلغان بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بېسىم ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىكەن.

بۇ قىسقىچە دوكلاتنى تەييارلاشتىكى مەقسىتىمىز، ھازىر ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھۆكۈمەتلەر، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى لاگېرلارنى تاقاش، لاگېردىكىلەرنى قويۇپ بېرىش دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋا قىلىۋاتىدۇ. لېكىن خىتاينىڭ پائالىيىتى ھەرگىزمۇ لاگېر ۋە تۇرمىلەردىكى ئادەملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى، خاراكتېر جەھەتتىن لاگېرغا ئېلىپ بېرىپ ئۆزگەرتىدىغان ياكى تۇتقۇن قىلىدىغانلار دەپ قاراپ تۇرۇپ، ماكرو جەھەتتىن ناھايىتى غەلىبىلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلماقتا. بۈنىڭدىن بىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش دائىرىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن لاگېردىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بۇ دوكلات يەنە بىر نۇقتىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر ۋە تۇرمە سىرتىدىكى ئۈچتىن بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېردىكىدەكلا خىتاي كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.


پايدىلانغان تور بەتلىرى:

[1] بىر مىليوندىن ئارتۇق خىتاي كادىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېتىپ-قوپۇپ، ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلماقتا

http://www.rfi.fr/cn/%E4%B8%AD%E5%9B%BD/20181221-%E7%99%BE%E4%B8%87%E5%85%AC%E5%8A%A1%E5%91%98%E5%88%B0%E7%BB%B4%E6%97%8F%E5%AE%B6%E5%BA%AD%E5%81%9A%E5%AE%A2%E5%BD%93%E4%BA%B2%E6%88%9A

[2] خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇرلار

https://bitterwinter.org/?s=uyghur+prisoners+are+relocated+in+inner+provinces

[3] The New York Times:

https://www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-detention-directive.html?mtrref=www.nytimes.com&assetType=REGIWALL

[4] خىتايلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلى ۋە ئادەم سانى توغرىسىدا

https://www.bbc.com/zhongwen/trad/chinese-news-48836678

[5] خىتايلار لاگېرغا تۇتۇلغان ئۇيغۇر باللىرىنى مەجبۇري ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋەتمەكتە

https://bitterwinter.org/uyghur-children-deprived-of-parental-love/



# سىياسىي ئاكتىپلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەنقىد ۋە هۇجۇملار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

در.مەمەت ئىمىن

مۇھاجىرەتتىكى سىياسىي داۋايىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزىيەتكە بولغان دىققىتى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەگەر دىققەت قىلساق، يېقىندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرىنى ئاقلايدىغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىرگە، ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا داۋاغا، بولۇپمۇ داۋانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارىتا ھەر خىل سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارنىڭمۇ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. گەرچە سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى سەلبىي ئۇچۇرلار تارقىتىۋاتقان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار تارقاتقان سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملار، بىر قىسىم سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىغا، نورمال ھاياتىغا، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۇنۇمىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ داۋادىكى ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ جامائەت ئىچىدە ھەر خىل سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا.

سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ئۇ سەلبىي ئۇچۇرلار ۋە ھۇجۇملارنىڭ بەزىلىرى كىملىكى ئېنىق بولغان بەزى شەخسلەردىن كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى كىملىكى نائېنىق، ئۆزلىرىگە ھەر خىل چىرايلىق ئىسىملارنى قويىۋالغان ئاتالمىش «ئۆكتىچى» لەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان، جاھىل، رادىكال، پىسخىكىسى بۇزۇلغان ياكى ھەسەتخور، كۆرەلمەس ئىنسانلار بولسا كېرەك.

بىز ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارنى كۆرگەندە، بەزىلىرىمىز ئالدىراپلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خائىنلارنىڭ قىلمىشى دەپ يەكۈن چىقارساق، يەنە بەزىلىرىمىز ئۇ سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارغا ئەگىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتۇق؛ بەزىلىرىمىز نىمە قىلىشنى ۋە كىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي بىر - بىرىمىزدىن گۇمان قىلىشساق، كۆپىنچىمىز سۈكۈت قىلىشنى تاللىدۇق.

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىشىشى، ۋەتەندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى، ۋەتەندىن كېلىۋاتقان قاباھەتلىك خەۋەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەممىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە پىسخىكىسى ئازدۇر - كۆپتۇر بۇزۇلماقتا؛ كۆپىنچىمىزدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە غەم - ئەندىشە، قايغۇ - ھەسرەت، نالە - شىكايەت، غەزەپ - نەپرەت، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ۋە ياكى تەنقىدىي پىكىرلىرىمىزنى بەرگەندە گەپ-سۆزلەرگە دىققەت قىلالماي، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. شۇڭا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، ئالدى بىلەن چوقۇم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىتنە - پاسات ۋە ياكى ئۆزىمىزگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ياخشى نىيەت بىلەن بېرىلگەن تەكلىپ ۋە تەنقىدىي پىكىرلەرنى پەرقلەندۈرىشىمىز كېرەك. ھەممىمىزنىڭ ياشىغان مۇھىتىمىز، كۆرگەن تەربىيەمىز ۋە بىلىم سەۋىيەمىز پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، مەسىلىگە قارىشىمىز، تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىز ئوخشىماسلىقى مۇمكىن ھەم تەنقىد بېرىش ئۇسۇلىمىز ھەممىمىزگە يېقىپ كېتىشى ناتايىن، ھەتتا بەزىلىرىمىزدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ داۋا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ داۋاسى بولغاچقا، ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ داۋانىڭ توغرا يولدا ساغ-لام يۈرۈشىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا تەكلىپ - پىكىر بېرىش ھەققى بار. سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزمۇ، ئىنسانغا قاراپ مۇئامىلە قىلماي، باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - پىكىرلەرنىڭ سەممىيىتىگە قاراش كېرەك. چۈنكى داۋا شەخسىي داۋا ئەمەس؛ ئۇ خاتا يولغا كىرىپ قالسا، ئۇنىڭ زىيىنىنى ھەر بىر ئۇيغۇر تەڭ تارتىدۇ. مەنچە سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ھەرخىل سەلبىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىۋاتقان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىنسانلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

### 1. كۆز قاراش ۋە ئىدېئولوگىيەدىكى پەرق تۈپەيلىدىن

بەزى ئىنسانلار كۆز قاراش ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىدىن پەرقلىق بولغانلارغا ۋە ياكى پىكىر - كۆز قاراشلىرى ئۆزىگە ياقمىغانلارغا ھەر خىل بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا، سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزنى ياكى داۋانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقانلارنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغان دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر دىققەت قىلساق بەزى ئىنسانلىرىمىز، مەدەنىيەت سەۋىيە ۋە دىنىي جەھەتتىكى پەرقلىق كۆز قاراشلار تۈپەيلىدىن، ئىنسانلارنى مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگىلا ئايرىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن ئىش بىرلىكى ئېلىپ بارغانلارغا ئوخشىمىغان قاراشتا بولۇپ، ئۇلارنى بىراقلا ئىنكار قىلىدىغان ۋە ياكى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

### 2. شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە قىزغانچۇقلۇق تۈپەيلىدىن

داۋا ئىچىدىكى بەزى ئىنسانلىرىمىز ئارىسىدا، ئۆزىنىڭ داۋادىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا ئۆزىدىن باشقا سىياسىي ئاكتىپلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى

ئىنكار قىلىدىغان ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلار بولۇشى مۇمكىن.

### 3. چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلىدىن

ۋەتەندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى سەۋەبىدىن، ئېغىر دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار بولغان بەزى ئىنسانلار، مىللەتنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى داۋا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ياكى تەشكىلات باشلىقلىرىنىڭ خەلقنى خاتا يولغا باشلىغانلىقىدىن دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى راھەتلىتىشكە تىرىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

### 4. خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلەيدىغانلار ۋە ياكى ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن خىتايلار قەستەن ئارىمىزدا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن

ۋەتەندىكى خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرى، ۋەتەندىكى تۇغقانلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ھەر خىل يۇمشاق ياكى قاتتىق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنى خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بىز پەقەتلا ئوتتۇرىغا چىققانلىرىنى بىلىمىز، بىراق ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىرى قانچىلىك؟ ئۇلار قايسى دۆلەتلەردە ۋە نېمە ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ؟ بىز ئۇلارنى بەك بىلىپ كەتمەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا پۇل ئۈچۈن سېتىلغانلار ياكى ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرىمۇ، ھەر خىل ئىسىملارنى قوللىنىپ، سىياسىي ئاكتىپلارغا ۋە داۋانىڭ بېشىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى بەلكىم كىمگە ئىشىنىپ، كىمگە ئەگىشىشنى بىلمەسلىكتىن ياكى باشقىلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن، بىلىپ - بىلمەي شۇ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنى مىللەت ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىۋاتقانلار دەپ ھېسابلىشىمۇ مۇمكىن. بىز ئۆز پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىمىزنى بايان قىلىش، جامائەت پىكرى توپلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قىلىۋاتقان خاتا ھەرىكەتلىرىدىن ياندۇرالىشىمىز مۇمكىن؛ لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەۋھۇم كۆلەڭگىلەر بولغاچقا، ئۇلار تاكى ئۆزى نىيىتىدىن يانمىغۇچە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ياكى ئۇلارنى خاتا يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس؛ بولۇپمۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەقسىتى ئىتتىپاقلىقىمىزنى بۇزۇپ، بىزنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلىش بولغاچقا، ئۇلار قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىغىچە، بىز ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن توسۇپ قالالماسلىقىمىز مۇمكىن. شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر خىل ھۇجۇم ۋە روھىي زەربىگە ئۇچرىغان سىياسىي ئاكتىپلارنىڭ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە روھىي جەھەتتىن قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچى.

ئىنسانلار ھاياتىدا ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان بولۇپ، دۇچ كەلگەن مەنىۋى قىيىنچىلىقلار ئىچىدە يەڭمەك ئەڭ قىيىن بولغىنى ئۆز - ئۆزىمىزنى يېڭىش ھېسابلىنىدۇ. يەنى باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق باھا بېرىشى ۋە قانداق قارىشىدىن بەكرەك، ئۆز - ئۆزىمىزگە قانداق قارىشىمىز ۋە باشقىلارنىڭ بىزگە بەرگەن سەلبىي باھاسىغا بولغان ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمىزدۇر. نۇرغۇن ئىنسانلار روھىي جەھەتتە باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى - يېڭەلمىگىنى ۋە ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزىگە بولغان تونۇشىدىن بەكرەك باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا ئېتىبار بېرىدۇ؛ باشقىلار سەلبىي باھا بەرگەندە، ئاسانلا رەنجىيدۇ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ ۋە چۈشكۈنلىشىدۇ؛ باشقىلار ئىجابىي باھا بەرگەندە، ماختىغاندا، خوش بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىدۇ. ئەسلىدە، يەتمەكچى بولغان نىشان ئېنىق بولسىلا، مىللەتكە پايدىلىق ئىش بولسا، ئالدىغا قاراپ مېڭىش كېرەك. ئامېرىكالىق داڭلىق رىغبەتلەندۈرۈش نۇتقى سۆزلىگۈچى، تونى گاسكىنس مۇنداق دېگەن ئىكەن، «يالغۇز يۈرۈشكە ھازىرلىنىڭ، چۈنكى سىز بىلەن يولغا چىققان كۆپلىگەن ئىنسانلار سىز بىلەن ئاخىرىغىچە يۈرۈشى ناتايىن». نىشان ئېنىق بولسا، نىيەت

دۇرۇس بولسا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، خەلقىمىزگە، شۇنداقلا سەلبىي پىكىر بەرگەن ۋە ھۇجۇم قىلغانلارغا نىسبەتەن، ئەڭ كۈچلۈك جاۋابتۇر. باشقىلارنىڭ بىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىگە ۋە ياكى قىلغان ئىشىمىزدىن ۋاز كەچكۈزۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالغاندا، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ سەمىمىيىتىگە قارىشىمىز كېرەك؛ سەمىمىي تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

ئىنسان شەخسىيەتچى كېلىدۇ، يەنى ئاۋۋال ئۆزىنى ئويلايدۇ. ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىل ھەرگىز «باشقىلار» بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىدۇر. ئىنساننىڭ ئېھتىياجى دېگەندە ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئېھتىياج، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، روھىي ئېھتىياج ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت بىر نەچچە تۈرلۈك ئېھتىياجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنساننىڭ ماددىي ئېھتىياجىنىڭ چېكى بولىدۇ، بىراق مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ چېكى بولمايدۇ؛ ماددىي ئېھتىياجىدىن ئاشقان ھەرقانداق ماددىي بايلىق ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. ئىنسان قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشنى، پەقەت ئۆز مەنپەئەتىگە بىۋاستە باغلىغاندا، ئاندىن ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ. بەزىلەر بىر مىللەتكە ياكى بىر دۆلەتكە باش بولۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قانائەتلەندۈرگەن بولسا، يەنە بەزىلەر داڭلىق، ئالىم، دوختۇر، تىجارەتچى بولۇپ، نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق بۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە ئىنسان شەخسىيەتچى كېلىدۇ دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆز خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ئالىيجاناپ روھنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. مەن پەقەت ئۇ روھنىڭ ئىنساندا بولىدىغان مەنىۋى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچىمەن. مەسىلەن دۇنيادا ساخاۋەتچىلىك بىلەن ئۆچمەس ناملارنى قالدۇرغان نۇرغۇنلىغان شەخسلەر، ئۆزلىرى قىلغان ساخاۋەت ئىشلىرى تۈپەيلىدىن ئەڭ چوڭ خۇشاللىقنى ۋە قانائەتكە ئېرىشكەن. يەنى ئۇلار ئۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز رازىلىقى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغان، ياكى ئۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلگەن ۋە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ زور مەنىۋى ئوزۇققا ئېرىشكەن. ئۇلار قىلغان ئىشنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قىلغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتمىگەن. باشقىلارمۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى ياد ئەتكەن.

ئاللاھ ھەممىمىزنى باراۋەر ياراتقان؛ مەسئۇلىيەت يالغۇز داۋا قىلغۇچىلارغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىز بار. ئامېرىكا پرېزدېنتى ئابراھام لىنكېن مۇنداق دېگەن ئىكەن، «سەن بۇگۈندىن قېچىش ئارقىلىق ئەتىدىكى مەسئۇلىيىتىڭدىن قۇتۇلالمايسەن». بىز بىر ئىش قىلساق، باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ئۆز ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىمىز، ھەم ئۇنىڭ جاۋابىنى باشقىلارغا، مەۋھۇم ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئاللاھقا، ئۆز ۋىجدانىمىزغا، ئاندىن بىز سۆيگەن ۋە بىزنى سۆيگەن ئىنسانلارغا بېرىمىز. شۇڭا نامەلۇم ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا يازغان ھەر خىل سەلبىي ئۈچۈرلىرى، بوھتانلىرى ۋە ھۇجۇملىرى ئۈچۈن، رەنجىشىمىزنىڭ، كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىشىمىزنىڭ، ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ ياكى ئۇلارغا قارشى ئىنكاسلارنى يېزىپ، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەلۋەتتە، بىز ئىنسان بولغاچقا، ھېسسىياتىمىز بار، بەزى ئىشلار، گەپلەر كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ، بىراق بىر ئىش قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىكەنمىز، بىزدە ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزىمىزنى يېڭەلەيدىغان كۈچ ۋە جاسارەت بولۇشى كېرەك. بولمىسا، دۇشمەن مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ؛ بىز ۋەتەن داۋاسىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىشقا تېخى ھازىرلىنىپ بولالمىغان بولىمىز.

مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز داۋاملىق ئۇنى مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ياكى باشقىلار ئۈچۈن دەپ بەك تەكىتلەپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى مىللەتمۇ بىزنىڭ، ۋەتەنمۇ بىزنىڭ؛ ۋەتەندە ياشاۋاتقان مىللەت بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلغانلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر ئىش قىلغانلىق؛ ئۆز ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلغانلىق؛ بىز ئۇ ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى راھەتلىتەلەيمىز؛ مەنىۋى ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايمىز. ئەگەر بىز ئىشلىرىمىزنى ۋە كۆرسىتىۋاتقان پىداكارلىقىمىزنى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلدۇق دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا بىز ئۆزىمىز خالاپ قىلغان ئىشىمىز ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىمىز ئۈچۈن، ئالدىراپ باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتمەيمىز ۋە ئالدىراپ باشقىلاردىن رەنجىمەيمىز. ئەلۋەتتە ھەممىمىز ئىنسان بولغاچقا، قىلغان ئىشىمىزنى ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ لېكىن شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بىز باشقىلاردىن رەنجىش، خاپا بولۇش، قىلغان ئىشىمىزنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم تەكىتلەش ۋە ياكى باشقىلارنى زورلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيمىز؛ بىز پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىمىز ۋە سۆز - ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولالايمىز.

ھەر بىرىمىز ھەم ئۆزىمىزگە، ھەم ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي چەمبىرەككە تەۋە. ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنى رازى قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەتراپىتىكىلەرنى ۋە باشقىلارنى رازى قىلالايدۇ. ئۆزىنى رازى قىلالمىغان ئىنسان ھەرگىز باشقىلارنى رازى قىلالمايدۇ؛ ئۆزىنى خوش قىلالمىغان ئىنسان ھەرگىز باشقىلارنى خوش قىلالمايدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئاكتىپ ئېنېرگىيە، خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز چوقۇم ئاكتىپ، خۇشال ۋە ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك.

**2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى**



# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ستالىنغا ئەۋەتكەن ئۇلتىماتۇم خاراكتېرلىك مەكتۇپى ۋە تىنچلىق سۆھبىتى

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

## مۇقەددىمە

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى **1945**-يىلى **8**-سېنتەبىر كۈنى جىڭ ۋە شىخۇدىن ئىبارەت مەركىزىي فرونتتىكى خىتاي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، قەدەممۇ قەدەم دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قوغلاپ ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي تەييارلىنىۋاتقاندا، **1945**-يىلى **9**-ئاينىڭ **17**-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ جىددىي بېسىم خاراكتېرلىك بۇيرۇقى بويىچە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنى، يەنى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى توختاتتى. بۇنىڭ ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ **16**-سېنتەبىر كۈنى خىتاي تەرەپكە مېمورانددۇم تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خىتاي تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشىدا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.[1] **17**-سېنتەبىر كۈنى جاڭ كەيشىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاپپولون پېتروۋفقا رەسمىي بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[2] دېمەك، بۇ جەھەتتە ئىككى دۆلەت ئىچكى جەھەتتە پۈتۈشۈپ بولغانىدى. ستالىن رەھبەرلىكىدىكى

[1] Tang yi, Jian Meihua, Zhao Zhucheng Bianzhu. << Waijiaobu dangdan songshu- Jie wulei>>, . .Di 3 se << Xinjiang Zhuan>>(1), ye 309. Wang Shijie . << Wang shijie Riji>>, Di 4 se, ye 175

[2] Tang yi, Jian Meihua, Zhao Zhucheng Bianzhu. << Waijiaobu dangdan songshu- Jie wulei>>, . .Di 3 se << Xinjiang Zhuan>>(1), ye 309. Wang Shijie . << Wang shijie Riji>>, Di 4 se, ye 310

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 15-سېنتەبىر كۈنى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارى لاۋرېنتىي بېرىيا بىلەن خەلق تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن كومىسسارى ئاندرېي ۋىشىنسكىي تەييارلىغان «شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە» ناملىق مەخپىي ھۆججەتنى ئىمزالاپ، «قوزغىلاڭچىلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئەلچىسىنىڭ باياناتىغا جاۋاب بەرگۈچە ھەمدە يەنە ئەگەر سۆھبەت بولۇپ قالسا، سۆھبەت ۋاقتىدا ئۆز قورالىق كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشنى تەۋسىيە قىلىش» دەپ كۆرسەتكەن[3] ھەمدە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش توختىتىشنى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپنى خىتاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىش ھەم خىتاي تەرەپنىڭ ئالدىغا بۇ مەسىلىنى قويۇشتىن باشقا يەنە خىتاي تەرەپكە قويۇلىدىغان لايىھەنىڭ تېكىستلىرىنىمۇ بېكىتىپ بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتا يەنە[4]، موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى، يەنى 2-دومدىكى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش توختىتىپ، خىتاي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. موسكۋانىڭ ھەربىي جەھەتتىن، يەنى قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ئوفىتسېر قاتارلىق ھەر ساھەلەر بويىچە زور دەرىجىدە ياردىمىگە ئېرىشكەن شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل قوللىشىغا ئېرىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى تەركىبىدە خىتاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ياكى ئۆتكۈزمەسلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە كۆپ پىكىر ئىختىلاپى بولسىمۇ، بىراق موسكۋانىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەيئىتى قارار ماقۇللاپ، ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، يەنى « تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنى » بېكىتكەنىدى.[5]

1949-يىلى، 9-ئايدا سەيپىدىن ئەزىز بىلەن بىرگە بېيجىڭغا بېرىپ، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان ئالىمجان ھاكىمباييېفنىڭ يېزىشىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىتاي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ،« گومىنداڭنى پۈتۈن شىنجاڭ تېررىتورىيەسىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا تەڭ باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىش تەكلىپى بېرىش » دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قارار قىلغان.[6]

ئالىمجان ھاكىمباييېفنىڭ بۇ ئۇچۇرلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنىڭ 1945-يىلى، 10-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى 100-سانلىق يىغىنىدا ئېلىنغان، «خىتاي ھۆكۈمىتىگە غەيرىي قورالىق ۋاستە، يەنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش شەكلى قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ

---

3. GARF.F. R-9401 S/ch. Op.2. D.66. L.( رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند.ر-9401.س/چ. ئالاھىدە پاپكا،2. دېلو.66، ياپراق.7 )

4. GARF.F. R-9401 S/ch. Op.2. D.66. L.( رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند.ر-9401.س/چ. ئالاھىدە پاپكا، 2. دېلو.66، ياپراق.7 )

5. Khakimbaev A .A. Notsionalno-osvoboditelnoe dvizhenie korennogo naseleniya Sintszyana v 30-x i 40-x godax XX veka. P. 159. (ھاكىمباييېف ئا.ئا. شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى . موسكۋا، 159-بەت).

6. ئالىمجان ھاكىمبايوف. شۇ ئەسەر. 159-بەت .

قىلىش تەكلىپىنى بېرىش، ئەگەردە خىتاي هۆكۈمىتى بۇنىڭغا قوشۇلسا، ۋاقىتلىق هۆكۈمەت رەهىمجان سابىر هاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنى سۆهبەت ۋەكىللىرى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، خىتاي هۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆهبىتى ئۆتكۈزۈش » دېگەندەك قاراردىن كەلگەنىدى.[7]

ئەنە شۇ پرىنسىپ بويىچە رەهىمجان سابىر هاجى، ئوبۇلخەيرى رابات تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەكىل 1945-يىلى،12-ئۆكتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ۋە 17-ئۆكتەبىردىن 21-ئۆكتەبىرگىچە جاڭ جىجوڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تۇنجى قېتىم سۆهبەت ئۆتكۈزۈپ، خىتاي تەرەپ بىلەن هېچقانداق پىكىر بىرلىكى هاسىل قىلماستىن خىتاي تەرەپنىڭ مەسىلىنى هەل قىلىشقا ئائىت 12 ماددىلىق « كۆرسەتمە لايىهەسى»نى ئېلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بىرىنچى قېتىملىق بۇ سۆهبەتتىلا خىتاي تەرەپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە بەلكى 12 ماددىلىق لايىهە بويىچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك هوقۇقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غۇلجا ۋەكىللىرىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىپ، مەزكۇر ئۈچ ۋەكىل غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بۇنداق ئەهۋال ئاستىدا ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتى ئەزالىرى ناهايىتى غەزەپلەندى ۋە ئەلىخان تۆرە باشلىق هۆكۈمەت ئەزالىرى خىتاي بىلەن بولىدىغان سۆهبەتنى توختىتىش، خىتايغا قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى كۈچەيتىشنى قارار قىلىپ، بىر قاتار هەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئەنە شۇ هەرىكەتلەرنىڭ بىرى ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى 12 نەپەر هۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت هۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشى ئىدى. مانا بۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن كېيىن ستالىنغا ئەۋەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق رەسمىي مەكتۇپىدۇر.

## ئەلىخان تۆرىنىڭ ستالىنغا يازغان ئىككىنچى قېتىملىق مەكتۇپىنىڭ تولۇق تېكىستى

1945-يىلى، 10-ئاينىڭ 31-كۈنى، يەنى سۆهبەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تەييارلىنىپ، هۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە، مۇئاۋىن رەئىسى هاكىمبەگ غوجا ۋە باشقا 10 نەپەر هۆكۈمەت ئەزاسى، جۈملىدىن تىنچلىق سۆهبىتى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغان رەهىمجان سابىر هاجى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارمۇ ئىمزا قويغان مەكتۇپ شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ خەت دەرهال رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 3-نويابىر كۈنى 2-دومدىكى گېنېرال يېگناروف ۋە گېنېرال لانفاڭ تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ن ك ۋ د رەهبىرى بېرىياغا هەم ستالىن، مولوتوف، مالېنكوف، مىكويان، ۋىشىنسكىي قاتارلىق سوۋېت ئالىي رەهبەرلىرىگە يەتكۈزۈلدى.[8]

بۇ خەت ئەسلى ئۇيغۇرچە يېزىلغان بولۇپ، خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا مەزكۇر خەتنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا قايتا تەرجىمە قىلىشىمىغا توغرا كەلدى. خەتنىڭ رۇسچىدىن ئۇيغۇرچە تولۇق تەرجىمە تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

---

7. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرسى. 157-بەت .

8. GARF, Fond R-9401s/ch. Op. 2, Delo 100, L. 270-272. Obtained by Jamil Hasanli. (رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند ر-9401 س/چ، ئالاهىدە پاپكا.2، دېلو.100، ياپراق.270-272. بۇ هۆججەتمى جامىل هەسەنلى ئارخىپتىن تاپقان ۋە كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن هەم ۋودرووۋ ۋىلسون مەركىزى ئارخىپىغا كىرگۈزۈلگەن)
https://digitalarchive.wilsoncenter.org.

« ئۇلۇغ سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئالىي رەھبىرى، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبان ستالىن ئالىيلىرىغا،

ئازابلىنىۋاتقانلارنىڭ سىزگە يوللىغان تۆۋەندىكى مەكتۇپىنى قوبۇل قىلغايسىز:
بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى 200 يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇل قىلىشىدا ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمىدا ياشىدۇق. بىز ئۇنىڭ بۇ ئۇزۇن مەزگىللىك زۇلۇمىدا بولۇپ، ھېچقانداق ھوقۇققا ئىگە بولالمايلا قالماستىن بەلكى قان-تەرىمىزدىن مەھرۇم قىلىندۇق، چۈنكى بىزنىڭ مال -مۈلۈكلىرىمىز ھەردائىم مۇسادىرە قىلىنىشقا ئۇچرىدى. بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىمىز يالغان ئەيىبلەشلەر بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، قىين-قىستاقلارغا ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئۇچرىدى، بىزنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىمىز ھاقارەتلەشلەرگە ئۇچرىدى، ھەددى-ھېسابسىز باج -سېلىقلار بىزنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان ئېلىمىزنى گادايلىقتا قالدۇردى.
خىتاي قارانىيەتلىرى مەركىزىي خىتايدا ھوقۇقلارنى سېتىۋېلىپ، بىزگە قارىتا ئىپلاس سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھايۋانلار بىلەن تەڭ كۆرۈپ ئۇلارنى ھايۋاندەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئەسلى مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن خەلق بولغان بۇ خىتايلار بىزنى تۆۋەن ئىرق كۆرۈپ، ياۋايىلارچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.
ئۇلار بىزنى مەدەنىيەتتىن ۋە بىلىمدىن ئايرىپ تاشلاپ بىزنى بىچارە ھالغا قالدۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىزنىڭ پۈتۈن خەلقىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، بىرلىك ۋە دوستلۇق لوزۇنكىسى ئاستىدا بىرلىشىپ، زۇلۇمغا قارشى كۆرەش ئۈچۈن قوزغالدى، بىز قانلىق جەڭگە ئاتلاندۇق، بىز <كۆپچىلىكنىڭ ھاكىمىيىتى ئاللانىڭ ھاكىمىيىتى> دېگەن لوزۇنكا ئاستىدا بىرلەشتۇق، خەلقنىڭ كۈچى دۈشمەننى نەدە ئۇچراتسا شۇ يەردىلا يەردە تارمار قىلدى. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىنى خىتاي زالىملىرىدىن ئازاد قىلدۇق ۋە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزنى قۇردۇق.
ھازىر بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايمىز ۋە بىز ئۆز ھوقۇقلىرىمىزنى ۋە ئۆز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق قوغدىيالايمىز. بىز ئۆز ۋەزىيىتىمىزنىڭ خوجايىنلىرى بولدۇق.
بىزنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز ۋە بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈللىنىشىمىز بىزنىڭ ئۇلۇغ قوشنىمىز، پۈتۈن ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ تايانچىسى بولغان سوۋېتلار ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئاتىسى، ئۇلۇغ داھىيغا باغلىق. بىز خىتايلار بىلەن خۇددى ئوت بىلەن سۇ بىرلىشەلمىگەندەك، قوي بىلەن بۆرە بىلە بىرگە تۇرالمىغاندەك ھالدا ئايرىلىپ كەتتۇق. بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاللاھ ئالدىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە غەلىبە قازانماي تۇرۇپ، بارلىق ھوقۇقلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھەرگىز قورال تاشلىمايدىغانلىقىمىز ھەققىدە قەسەمياد قىلدۇق.
بەش مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاب قىلىدۇكى، بۇ ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك قوشنىمىزنىڭ ئۇلۇغ خەلقىنىڭ، ئۇلۇغ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ رەھبەرلىرىنىڭ ھەرۋاقىت ياردىمىگە موھتاجدۇر»

خەتكە ئىمزا قويغۇچىلار

خەتنىڭ ئاخىرىغا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە، ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىس ھاكىم بەگ غوجا ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرى: مۇھەممەتجان مەخسۇم، كەرىم ھاجى، مىرۋاقاس ھاجىم، مۇسابايېف، قاسىموف، سالىجانباي، جانى ئاخۇن، جىخا ئاخۇي جىداۋ ( جۇمە ئاخۇن ؟) ، رەھىمجان سابىر-

---

. **GARF, Fond R-9401s/ch. Op. 2, Delo 100, L. 270-272. Obtained by Jamil Hasanli.** (رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند ر-**9401** س/چ، ئالاھىدە پاپكا.**2**، دېلو.**100**، ياپراق.**270-272**. بۇ ھۆججەتنى جامىل ھەسەنلى ئارخىپتىن تاپقان ۋە (كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم ۋودروۋ ۋىلسون مەركىزى ئارخىپىغا كىرگۈزۈلگەن
**https://digitalarchive.wilsoncenter.org.**

. بۇ ئىسىمنى بىلىش تەس بولدى، بەلكى « جۇمە ئاخۇن» بولۇشى مۇمكىن.

خوجايېۋ، ئابدۇلكادىر (ئابدۇل كەرىم)، موسكالېيۋ قاتارلىقلار ئىمزا قويغان.

خەتنىڭ ئىمزا قويغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىمزا ئىسمى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن خاتا ياكى ئېنىقسىز تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا ھاكىم بەگ غوجا، «ھاكىم شاھ» دېيىلگەن، ئەخمەتجان قاسىمى، پەقەت « قاسىموف» دېيىلگەن، باشقىلارنىڭ ئىمزا ئىسىملىرىدىمۇ مەلۇم مەسىلە مەۋجۇت، شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا نورماللاشتۇردۇم.

ئىمزا تىزىملىكىگە قارىغاندا، مەزكۇر خەتكە ختاي تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بارغان رەھىمجان سابىر ھاجى ۋە ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئىمزا قويغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا ئوخشاشلا ختاي بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش مەۋقەسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

مەزكۇر مەكتۇپتا ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىرىدىن ئىسھاقبېك مۇنونوف، مىللىي ئارمىيە قوماندانى ئىۋان پالىنوف شۇنىڭدەك تارباغاتاي ۋالىيسى باشباي، ئالتاي ۋالىيسى ئوسمان ۋە باشقا يەنە بىر قانچە نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ئىمزاسى كۆرۈلمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا غۇلجىدا بار ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ھەممىسى ئىمزا قويغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئەسلىدە ختاي تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەرەپدارلىرىنىڭمۇ ئىسىملىرى بار، قىسقىسى مەزكۇر مەكتۇپقا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدىكى ئەسلىدىكى ختاي تەرەپ بىلەن مەسىلىنى سۆھبەت بىلەن ھەل قىلىش تەرەپدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەسلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىمزا قويغان، ھەتتا ئىلىغا يەرلەشكەن رۇسلارنىڭ ۋەكىلى، ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى پاۋېل موسكالېيوفمۇ ئىمزا قويغانىدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىسھاقبېك مۇنونوف بىلەن ئىۋان پالىنوف گەرچە ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ۋاقىتتا نېمىشقا بۇ خەتكە ئىمزا قويمىدى؟ بۇ نامەلۇم. ئېھتىمال ئىۋان پالىنوفنىڭ مەركىزى فرونت قوماندانى سۈپىتىدە شىخەنزىدە، ئىسھاقبېك مۇنوفنىڭ جەنۇبىي فرونت قوماندانى سۈپىتىدە موڭغۇلكۈرەدە، باشباي، ئوسمان ۋە باشقىلارنىڭ چۆچەك ھەم ئالتايدا بولغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك.

## مەزكۇر مەكتۇپنىڭ يېزىلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سەۋەب

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە ختاي ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق سۆھبىتى ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيلا قالماستىن جاڭ جىجوڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەرەپكە تاپشۇرغان 12 ماددىلىق «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسى» شەرقىي تۈركىستان خەلقى ، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى قەتئىي قوبۇل قىلالايدىغان لايىھە ئەمەس ئىدى. بۇ لايىھەدىكى ختاي ھۆكۈمىتى بەرمەكچى بولغان « ھوقۇقلارنىڭ » شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرە 19-ۋە 20 -ئۆكتەبىر كۈنلىرىلا كەسكىن كۆرسەتكەن ئىدى. ھەتتا 21-ئۆكتەبىر كۈنى جاڭ جىجوڭ سوۋېت كونسۇلى يېۋسىيېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرىنى يۇمشىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، يېۋسىيېفمۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، بۇ « كۆرسەتمە لايىھە » نىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

---

12. ئابدۇلكادىر، بەلكى ئادۇلكەرىم بولۇشى، يەنى ئابدۇلكەرىم ئابباسوف بولۇشى ئېنىق.

13. رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند ر-**9401** س/چ، ئالاھىدە پاپكا**.2**، دېلو**.100**، ياپراق**.270-272**. بۇ ھۆججەتنى جامىل ھەسەنلى ئارخىپتىن تاپقان ۋە كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم ۋودروۋ ۋىلسون مەركىزى ئارخىپىغا كىرگۈزۈلگەن **https://digitalarchive.wilsoncenter.org**

ئارزۇسىنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستان سۆھبەت ۋەكىللىرى ئالغاچ كەلگەن خىتاي تەرەپنىڭ ئەنە شۇ «كۆرسەتمە لايىھىسى» ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئەزالىرى ۋە باشقا ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىشى، شۇنىڭدەك خىتاي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، سۆھبەت ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى ئېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكۈزۈشى تەبىئىي ئىدى.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك، خىتاي تەرەپنىڭ بۇ خىل ئەرزىمەس لايىھەسىگە قارشى ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتنى بىكار قىلىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھەرىكىتىنى باشلاپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قورallىق كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش پىكرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش پىكرىنى بېسىپ چۈشۈشى تەبىئىي ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە خىتاي تەرەپنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى تونۇش ۋە ياكى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، << كۆرسەتمە لايىھە>> ئارقىلىق ئەك تۆۋەن دەرىجىدىكى بەزى ھوقۇقلارنى تەۋسىيە قىلىشى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىشى ئېنىق ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئەخمەتجان قاسىمى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، 15-دېكابىر كۈندىكى مىللەت مەجلىسىدە سۆزلىگەن سۆزىدە « بىز بىرىنچى قېتىم بارغىنىمىزدا بىزلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىزنىڭ خەلقىمىزگە يەرلىك ھۆكۈمەتتە<شەنگەنلىكنىڭ مۇئاۋىنلىقىنى>بەرمەكچى بولۇپ، ئىشەنگەن مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولسۇن دېگەن تەكلىپنى قىلغانىدى. ... بىرىنچى نۆۋەتلىك مۇزاكىرىمىزدىن ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇزاكىرىمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بولسا، بىزنىڭ كۈچىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تونۇغانلىقىدۇر»دېگەنىدى.

دېمەك، بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدىن غەزەپلەنگەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى سۆھبەتنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن قىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى قاتارىدا ئۇلارنى بۇ سۆھبەت ئۈستىلىگە ئېلىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىننى قايىل قىلىش، ستالىننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىش بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىخان تۆرە ئۆزى باش بولۇپ، قالغان 12 ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ قول قويۇشى بىلەن ستالىن نامىغا مەخسۇس ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش مەكتۇپى تەييارلاپ ئەۋەتىش قارار قىلىنغانىدى.

## ستالىنغا يېزىلغان مەكتۇپتىن كۆزلەنگەن تۈپ مەقسەت ۋە نىشان

ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا بارلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىمزاسى بىلەن يېزىلغان بۇ خەتتە ئاساسلىقى ئۈچ نۇقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ بىرىنچىدىن ستالىننىڭ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى كۈرىشىنى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئىككىنچىدىن، ستالىن باشلىق شەرقىي تۈركىستان تەرەپنى خىتاي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىگە قىستىغان سوۋېت رەھبەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنى توختىتىپ، قورالliq

14 . شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى.167-بەت

15 ،ئازاد شەرقىي تۈركىستان »گېزىتى. 1946-يىلى، 3-يانۋار سانى» .

16 رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى، فوند ر-9401 س/چ، ئالاھىدە پاپكا.2، دېلو.100، ياپراق.270-272. بۇ ھۆججەتنى . جامىل ھەسەنلى ئارخىپتىن تاپقان ۋە كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم ۋودروۋ ۋىلسون مەركىزى ئارخىپىغا كىرگۈزۈلگەن https://digitalarchive.wilsoncenter.org

كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىنى جاكارلاش. ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، جۈملىدىن ستالىنىنىڭ ئېزىلگەن خەلقلەرگە يار-يۆلەك بولىمىز دېگەن لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇشىغا قارىماي ئۆزلىرىنى 200 يىل زۇلۇم سالغان خىتاي زالىملىرىغا تاشلاپ بېرىشىنى توسۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغان، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئازاد قىلىپ، ھوقۇقلىرىنى تولۇق قولغا ئېلىش يولىنى تۇتىدىغانلىقىنى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرمىسىمۇ، ئۆزلىرى بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۇلارنىڭ تەكىتلىگەن تۈپ نۇقتىسى خىتايلارنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىكى«زالىم» ھاكىمىيىتىنى تولۇق يوقىتىپ، مۇستەقىللىقنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈش ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچىگە تولغانلىقىنى بىلدۈرۈش شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتى قۇرۇپ بولغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى قەتئىي جاكارلاشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ۋە خەلقى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار قايتىپ كېلىپ سۆھبەت ئەھۋالىنى ھەمدە ئۇنىڭدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچلىق يول بىلەن مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈمىدىنى ئاقلىمايدىغانلىقى، ھەم سوۋېت تەرەپنىڭمۇ بۇ سۆھبەتتىن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللاش تەرەپدارى ئەمەسلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىۋالغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي تەرەپ تاپشۇرغان 12 ماددىلىق «كۆرسەتمە لايىھە» شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئەمەس ۋە كۈتكەن نۇقتىلار ئەمەس ئىدى. ئەلىخان تۆرە باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ئەنە شۇ نۇقتىلاردىن چىقىش قىلىپ، ستالىن باشلىق موسكۋا رەھبەرلىرىگە سۆھبەتنى توختىتىپ، داۋاملىق قوراللىق كۈرەش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئازاد قىلىش نىيىتىنى بىلدۈرۈشنى قارار قىلغان. مەزكۇر مەكتۇپ رەسمىي ھۆكۈمەت مەكتۇپى، بەلكى ئۇلتىماتۇمى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئۆزىنى پەقەت جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى 5 مىليون نوپۇسلۇق پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمىتى دەپ چۈشەنگەن. مەزكۇر مەكتۇپتا نوپۇسنىڭ 5 مىليون دېيىلىشىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، 1945-يىللىرى ئارىسىدا خىتاي ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي ستاتىستىكىلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسى نوپۇسىنى 3 مىليون 780 مىڭ ، ئامېرىكانىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى روبېرد ۋارنىڭ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا يوللىغان دوكلاتىدا تەكىتلەنگەن سىنكاڭنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 4 مىليون ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلار 75 %، خىتايلار 5 % دەپ ھېسابلىغانىدى.

ھالبۇكى، ستالىن، مولوتوف قاتارلىقلار ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇ خېتىنى كۆرگەن بولسىمۇ،بىراق بۇ خەتنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكى روشەن. سوۋېت تەرەپ بەربىر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولىدىغان سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرغۇزۇش سىياسىتىدىن يانمىدى. ۋە 13-نويابىر كۈنى مەزكۇر ئۈچ ۋەكىل يەنە ئۈرۈمچىگە يېتىپ، 1945-يىلى، 14-نويابىر كۈنى جاڭ جىجوڭ بىلەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى، شۇنىڭدەك مەزكۇر سۆھبەت سوۋېت تەرەپنىڭ « ۋاستىچىلىقى» ئاستىدا ئىلگىرى -ئاخىرى 8 ئاي داۋاملىشىپ، 1946-يىلى، 6-ئىيۇن كۈنى « 11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ پۈتۈن ھۆججەتلىرى رەسمىي يوسۇندا ئىمزالاندى.

[17] Chen Dengji. Xinjiang Mianji he Renkou. << Xin Zhonghua>>, 1946. Fukan. 4zhuan. 12qi. Gansu Tushuguan. Songshu ( 2). 1985. Xobei Minzu Zongjiao Shiliao Wenzhai . 111 ye.

[18] . The Consul at Tihwa (Ward) to the Secretary of State. Tihwa, December 15, 1944. . Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1944, China, Volume VI . Page 822



# ئولسى يازىجى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك دوستى، مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ ئۈلگىسى، ۋىجدانلىق ئەركەك ئولسى يازىجى 1977-يىلى ئالبانىيەنىڭ تىرانا شەھىرىدە تۇغۇلغان كانادا ۋەتەنداشلىقىدىكى ئالبان تارىخچىسىدۇر. مۇسۇلمان دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ دەردىگە يىغلىغان بۇ ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ماقالە- ئەسەرلىرى ئاساسلىقى ئوسمان ئىمپىرىيىسى، ئالبانىيە تارىخى، ئىسلام ۋە ئىسلامنىڭ غەربتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى قاتارلىق تېمىلارغا مەركەزلەشكەن. ئۇ 2006-يىلى ئىتالىيەنىڭ فلورېنسىيەدىكى ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنىستىتۇتىدا (the European University Institute) دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئالبانىيەدىكى دۇررېس ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىلباسان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا، ھەمدە ئالبانىيەنىڭ تىرانا شەھىرىدىكى ۋ ك ت مائارىپ ئىنىستىتۇتى (VKT Educational Institute in) دا ئوتتۇرا ئەسىر ۋە قەدىمكى دەۋر تارىخىدىن دەرس ئۆتكەن. ئوقۇتقۇچىلىقتىن سىرت، ئىزچىل ھالدا مۇستەقىل مېدىيا ئوبزورچىلىقى خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئالبانىيە، سېربىيە، تۈركىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشىر قىلىنغان.

دوكتور ئۇلسى يازىجى مەشھۇر مۇسۇلمانلاردىن ژۇرنالىست مەھدى ھەسەن، دۇنياغا داڭلىق ئىسلام دەۋەتچىسى زاكىر نايىك، گېرمانىيەلىك دۇنياۋىي تۈرك پۇتبول چولپىنى مەسۇت ئۆزىل قاتارلىق ئىمان ۋە ۋىجدان ساھىبلىرى قاتارىدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىپ، خىتاينىڭ ياۋۇز ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلىشتا جاسارەت بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قەھرىماندۇر. ئۇ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان كۆپلىگەن مۇخبىرلارغا زىت ھالدا خىتاينىڭ پۇلىغا سېتىلمىدى، ھەيۋىسىدىن قورقمىدى، تەھدىتىگە پىسەنت قىلمىدى. خىتاي كۆز بويامچىلىق بىلەن «كەسپىي تەربىيلەش مەركىزى» دەپ تونۇشتۇرۇۋاتقان، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەم جىسمانىي، ھەم روھىي جەھەتتىن ئەڭ ۋەھشىي خورلاش ئۇسۇللىرىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئايلانغان، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئازاب چېكىۋاتقان «جازا لاگېرلىرى»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى دۇنياغا پاش قىلىشتا خىتاينىڭ شېرىن ۋەدىلىرىنى رەت قىلدى، پۇل-مال بىلەن ئېزىقتۇرماقچى بولۇشلىرىغا ئالدانمىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى كامپلاردا تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىۋاستە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى سىنغا ئېلىۋېلىپ، ئۆز يۇتيۇب قانىلىدا دۇنياغا تارقاتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە خىتاينىڭ رەزىل نىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ماقالە-ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. دۇنيادىكى كۆپلىگەن داڭلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.

دوكتور ئۇلسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە چەتئەلدىكى خىتاي باندىتلىرى تەرىپىدىن ئۆزىگە كېلىدىغان تۆھمەتلەر، بېسىملار، تەھدىتلەر ۋە زىيانكەشلىكلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، يەتتە مىلياردتىن ئارتۇق ئىنسان ياشاۋاتقان يەر شارىدا پەقەت بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئىنسان قىلىۋاتقان بۇ شەرەپلىك ھەققانىيەت كۈرىشىگە قاتنىشىشى ئۇيغۇر خەلقىگە زور جاسارەت، ئۈمىد ۋە جەڭگىۋارلىق ئاتا قىلدى.

ئۇلسى يازىجى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن بىر قانچە ئاي كېيىن، تۋىتېر ھېساباتىدا ئېلان قىلغان بىر باياناتىدا مۇنداق دېگەن:

«شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى، خوڭكوڭلۇقلار بىلەن تەيۋەننىڭ نېمىشقا خىتايغا قوشۇلۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىمدىن كېيىن، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈل-كېسىل چۈشەندىم.»(1)

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەردىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا تىنماستىن خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇلسى يازىجى 2019-يىلى 4-دېكابىر ت ر ت دۇنيا خەۋىرى قانىلىنىڭ زىيارىتىدە مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

2019-يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە باردىم. كۆرگىنىم شۇ بولدىكى، خىتاي يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا گۇناھسىز كىشىلەرنى يىغىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جىنايىتى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ھۆججەتلىرى مېنىڭ يۇتيۇب قانىلىمدا مەۋجۇت. خىتاي نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا تېرورىزىمغا قارشى كۈرەش قىلىش باھانىسى ئاستىدا، ئىسلامنى قانۇنسىز دىن دەپ جاكارلىماقتا، ئىسلامنى ئاشقۇنلۇق دىنى دەپ جار سالماقتا. ئەگەر سىز شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان بولسىڭىز، خىتاي بولماي تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن بىرى بولسىڭىز، تۈركىي تىلدا سۆزلىسىڭىز ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولسىڭىز، ياكى قۇرئان ساقلىغان بولسىڭىز، ناماز ئوقۇغان بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزغا قۇرئان ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، دېمەك سىز جىنايەت ئۆتكۈزدىڭىز دېگەن گەپ. بۇ ھالدا خىتاي دائىرىلىرى سىزنى شۇ ھامان قولغا ئېلىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامايدۇ. خىتاي يالغاندىن سەھنە ھازىرلاپ، بۇ لاگېرلارنى تۈركىي مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ دەپ تەشۋىق قىلماقتا. تۈركىي مۇسۇلمانلار بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تۈركلۈك كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. بىر-بىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىشكە يول قويۇلمايدۇ. ھەر قانداق چاغدا خىتايچە سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ دىنىغا ئۇيغۇن ھالەتتە ياشىشى چەكلەنگەن.

بۇ لاگېرلاردا مەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەر

مەجبۇرىي ھالدا كاللىسى يۇيۇلۇشقا ۋە ئىسلام ئېتىقادىنى رەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى قۇرئان ئوقۇغانلىقى، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا نىكاھ قىلىپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى، يېمەك-ئىچمەكلەرنى ھالال- ھارام دەپ ئايرىغانلىقى، ئاتا-ئانىسىنى ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن (قاماققا ئېلىنغان ۋە) ختاي دائىرىلىرىدىن كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇرلانغان. مەن زىيارەت قىلغان بۇ كىشىلەر بۇ لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا بىر يىلدىن ئاشقان كىشىلەر ئىكەن.(2)

ئۇلسى دېكتورنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسى ختايغا قانداق قىلىشى كېرەك» دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئىسلام دۇنياسى ختايغا بىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قۇرماقچى بولساڭ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلىرىنى بىمالال قىلالىشىغا يول قويۇشۇڭ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تاقىشىڭ، بىزنى ھۆرمەتلەيدىغان بولساڭ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ ختايلاشتۇرۇشنى توختىتىشىڭ كېرەك دەپ تەلەپ قويۇشى كېرەك.(3)

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەزەلدىن بېرى ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققانلار، مەزلۇملارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار، ھەقنى ئۈستۈن قىلىش يولىغا قەدەم باسقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زالىملارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. ختاينىڭ جىنايەتلىرىنى دۇنياغا پاش قىلىۋاتقان ئۇلسىغا ختاي مېدىيالىرى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىدى. ئۇلسى بولسا ئۆز تۋىتېر ھېسابىدا ختاينىڭ دەۋاتقانلىرى راست بولسا، ھەر قانداق مېدىيادا ختاي تەرەپ بىلەن مۇنازىرىگە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، بارچە ھەققانىيەت تەرەپتارلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ختاينىڭ مال-دۇنيا بىلەن ئېزىقتۇرۇشىغا تېگىشمىگەن دوكتور ئۇلسى يازىجى مۇشۇ ئاينىڭ (2019-يىلى 12-ئاينىڭ) بېشىدا ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشتىن توختىتىلدى. ئۇلسى بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدە ختاينىڭ بېسىمى بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ختاينىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، ختايغا قارشى ھەققانىيەت كۈرىشىنى داۋام قىلىۋاتقان ئۇلسى ختاينىڭ ئۆچ ئېلىش نىشانى بولدى. ئەمما، ئۇ بۇ سەۋەبلىك ختايغا قارشى ھەققانىيەت مەيداندا تۇرۇشتىن يالتىيىپ قالمىدى. ئۇلسىنىڭ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يۇقارقىدەك قەھرىمانلارچە ئىش-ئىزلىرىنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرۇشى ئەلۋەتتە ھەر بىر ئەقلى ئويغاق ئۇيغۇرنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

دوكتور ئۇلسى يازىجى ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا ئالەمچە ناھەقچىلىك كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە ھەقنى سۆزلىگەن بىر قەھرىماندۇر. مەرتلەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ بېشىغا تۈرلۈك بالا-مۇسىبەتلەر كېلىدۇ، ئەمما، قەھرىمانلار بېشىغا كەلگەنلەردىن ئۆكۈنمەيدۇ ۋە پۇشايمان قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ تارىختا ياخشى نامى قالىدۇ. بىز قەھرىمان ئۇلسى يازىجىنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىدىن چەكسىز مىننەتدارمىز.

نەقىل مەنبەلىرى:

(1) ئۇلسى يازىجى ئۆزىنىڭ تۋىتېر ھېسابىدا 2019-يىلى، 8-دېكابىر ئېلان قىلغان سۆزى

(2)، (3) https://www.youtube.com/watch?v=OLEQr2iOZLk&feature=emb_title

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان




# كانادا ئۇيغۇرلىرى

## ئۇيغۇرلارنىڭ كاناداغا يەرلىشىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ كاناداغا كېلىشى 1960- يىللاردا باشلانغان بولۇپ، شەرقى تۈركىستان تارىخىدىكى مەشھۇر بايلاردىن بولغان مۇسا باي جەمەتىنىڭ نەۋرىسى دانيال مۇساباي ئەشۇ يىللاردا كاناداغا كۆچمەن بولۇپ يەرلەشكەن تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇندىن باشقا ئافغانىستان ئارقىلىق كېلىپ يەرلەشكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم.
كاناداغا كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەنلىك ئەھۋالى 3 تۈرگە بۆلىنىدۇ. تېخنىك كۆچمەن، مەبلەغ سالغۇچى كۆچمەن ۋە سىياسى پاناھلىق تىلىگەنلەر ، قاتارلىقلار.

1990-يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تېخنىك كۆچمەن بولۇپ كاناداغا كېلىشكە باشلىغان. 1997-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5- فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تەسىرىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق بولۇشى سەۋەبىدىن 2000- يىللاردىن ئېتىبارەن كاناداغا سىياسى پاناھلانغۇچى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئېشىشقا باشلىغان.

## تورونتودىكى ئالتۇن قوزۇقنىڭ ھېكايىسى

2008-يىلى رامىزاننىڭ 17- كۈنى 10- ئاينىڭ 18-كۈنى ئىبراھىم قارىمنىڭ تورونتو ئېتوبىكوغا جايلاشقان ئۆيىگە ئىپتار ئۈچۈن يىغىلغان 18 نەپەر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىز، تورونتو شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلا ر نوپۇسىنىڭ

كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرە كۈنلەرنى خاتىرىلەش، ئانا تىل مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر يەر- زېمىنىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ ھەمسۆھبەتتە بولۇشتى. شۇ كۈنكى ئېيتارغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئىبراھىم قارىم، شاۋكەت ئىمام، پەرھات زۇنۇن، ئابدۇسالام ئاكا، ھاجى مامۇت، پەرمان تۇردۇش......قاتارلىق 18 نەپەر كىشى بار ئىدى.شۇ كۈنكى مەسلىھەت ئاساسىدا، بىر تەرەپتىن يەر زېمىن سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك پۇلنى ھازىرلاش ئىشى باشلانغان بولسا، 2009- يىلى كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى ئىبراھىم داموللام كومىتېت مۇدىرى،شاۋكەت ئىمام پۇل يىغىشقا مەسئۇل، پەرھات زۇنۇن بوغالتىر بولدى. ئۇندىن باشقا پەرھات زۇنۇن يەنە كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قانۇنلۇق رەسمىيەت ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.پۇل يىغىش ئىشىدا، دەسلەپكى قەدەمنى باسقان 18 نەپەر كىشى ئاكتىپ رول ئوينىدى

ئاخىردا 18 كىشى ئايدا 100 دوللاردىن پۇل تاشلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر جامىسى سېتىۋېلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باستى. گەرچە بۇ باشلىنىش كانادادەك يەر- زېمىن ئىنتايىن قىممەت بىر دۆلەت ئۈچۈن، ئەخمىقانىلىق ۋە كۈلكىلىك بىر ئىشتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى ئارقىلىق نىشان قىلىنغان مەقسەتكە يېتىشتەك مۇستەھكەم ئىرادە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك بىر روھ ئىدى.

ئۇيغۇر جامىسى 2009-يىلى 3-ئاينىڭ 18 -كۈنى ئونتارىئو ھۆكۈمىتىگە رەسمى تىزىمغا ئالدۇرۇلدى. 2010-12-8- كۈنى، كانادا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر جامىسىنىڭ چارتىي (خەير-ساخاۋەت) سالاھىيىتىنى تەستىقلىدى. پەرھات زۇنۇن يەنە كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قانۇنلۇق رەسمىيەت ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇر جامىسى ياكى ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىش قەدىمىنىڭ بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، تورونتودىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتى بۇ "ئالتۇن قوزۇق"نىڭ قېقىلىشى ئۈچۈن بەس -بەستە پۇل ئىئانە قىلىشقا باشلىدى.

2013- يىلىغا قەدەر بۇ ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىش روھى داۋاملىشىپ شۇ يىلى ئۇيغۇر جامىسى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان پۇل 70 مىڭ دوللارغا يەتتى. جامائەت مەسلىھەتلىشىپ تۆركلەر سېتىشقا چىقارغان 490 مىڭ دوللارلىق بىر ئورۇننى بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى. ئەمما بانكا تەرىپىدىن، مۇقىم كىرىمى يوق دېگەن سەۋەپ بىلەن رەت قىلىندى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ياكى ئۇيغۇر جامىسى دېگەن ئىسىملاردىن قايسى ئىسىمنى قويۇش مەسىلىسىدە جىددى تالاش- تارتىشلار بولۇندى. ئاخىردا ئۇيغۇر جامىسى دېگەن چاغدا كانادادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭمۇ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر جامىسى دېگەن ئىسىمنى قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ سېتىۋېلىنىشىدا، كانادانىڭ مونتىرىيال شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى قىزغىن ھالدا كۆپ ياردەمدە بولدى. بۇ ھەقتە جامائەت ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2013-يىلى قىش ئايلىرى بىز تورونتودىن بىر گۇرۇپپا كىشى مونتىرىيال شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار- نىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بۇ يەرگە باردۇق. بىز دەل مونتىرىيالدىكى ئۇيغۇرلار مەشرەپ ئۆتكۈزگەن كۈندە بارغان ئىكەنمىز. قېرىنداشلىرىمىز تورونتودىن ئىبارەت ئۇيغۇرلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بۇ شەھەردە بىر ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىپ بىزنى ئىنتايىن قوللىدى. نەتىجىدە مەشرەپ ئەھلى تورونتودا قۇرۇلغۇسى ئۇيغۇر جامىسىنىڭ سېتىۋېلىنىشىغا تەرەپ- تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇندى. ئەڭ ئاز بەرگىنى 500 دوللار ئەڭ كۆپ بەرگىنى 5000 دوللاردىن تاشلاپ، بىز پەقەت ئىككى كۈن تۇرۇش جەريانىدا 45 مىڭ دوللار پۇل يىغىپ كەلدۇق.

شۇنداق قىلىپ تورونتو ئۇيغۇر جامىسى تورونتودىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قىزغىن

قوللىشى، مونتېريال جامائىتىنىڭ ياردىمى، شۇنداقلا ھەر ئايدا 100 دوللاردىن پۇل تاشلايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك بىر گۇرۇپپىنىڭ قىلچە توختاپ قالماي ھەر ئايدا يۈز دوللاردىن تاشلىشى نەتىجىسىدە، 2015- يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى، تورونتوغا ئۇيغۇرلارنىڭ كانادا تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن قوزۇقى قېقىلدى. ئاخىرى تورونتودىكى ئۇيغۇر جامائىتى ھېچقانداق بانكا قەرزى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 280 مىڭ دوللارغا بىر زېمىن سېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ كانادا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ بىرتەن( team work) بولۇپ يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

كانادا ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىنغان مەزگىللەردە ئىبراھىم داموللام تۈركىيەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر جامىسىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرى پەرھات زۇنۇن، شاۋكەت ئىمام، ئېتىبار ئارتۇش، مەمەت ئىمىن، يۈسۈپ قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. تۇنجى بولۇپ پەرھات زۇنۇن ئۇيغۇر جامىسىنىڭ رەئىسى، مەمەت ئىمىن ئىمام بولدى. پەرھات زۇنۇن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى 2017-يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، 2017-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى سايلام ئارقىلىق شاۋكەت ئىمامغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ مەزگىلدە، ئابدۇل ئەزىز ..... جامىنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.
شاۋكەت ئىمام رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى 2018-يىلى نويابىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم داموللامغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش سايلىمىغا قاتناشقان ئىبراھىم داموللام بىلەن ئېتىبار ئارتۇچ ئوتتۇرسىدىكى بىر ئاۋاز پەرق بىلەن شۇ كۈنكى سايلامدا ئىبراھىم قارىم جامىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. شۇندىن ئېتىبارەن ئېتىبارەن ئىبراھىم قارىم، تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ھەم رەئىسلىك ھەم ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقتا.

ئۇيغۇر جامىسى سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن تۇنجى قىلىنغان ئىش ئۇيغۇر ئانا تىل سىنىپلىرىنى ئېچىش بولدى. ئۇيغۇر ئانا تىل سىنىپى 2015- يىلى 7-ئايدا ئېچىلدى. مەمەت ئىمىن مەكتەپ مۇدىرى بولدى.
ئۇيغۇر مەسچىتى پەرھات زۇنۇن ۋە شەۋكەت ئىمام، رەئىس بولغان مەزگىللەردە، رەئىس ، ئىمام ۋە دائىمى ھەيئەتلەردىن تەشكىل تاپقان، كانادا ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بىر ئورگان ھالىتىگە كەلدى.

2015-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 2018-يىلى 11- ئايغىچە بولغان ئۈچ يېرىم يىللىق پەرھات زۇنۇن ۋە شاۋكەت ئىمام رەئىسلىكىدىكى ئۇيغۇر جامىسىغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى تۆۋەندىكىدەك بولغان.
ئابدۇسالام ئاكا، ھاجى مامۇت، پەرھات زۇنۇن، شاۋكەت ئىمام، ئەنۋەر قۇربان، يۈسۈپ قاسىم، تاھىر مىجىت، تۇيغۇن ئابدۇۋەلى، ئېتىبار قاتارلىقلار

بۇ ئىككى قارادا پەرھات زۇنۇن بوغالتىر، ئېتىبار كاسسىر بولغان.

## يەتتە سېرىكچى ۋەقەسى

كانادادىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا تامغىسىنى باسقان مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىر 2004- يىلى يۈز بەرگەن يەتتە سېرىكچى ۋەقەسى.
يەتتە سېرىكچى ۋەقەسىنى تىلغا ئېلىشتىن بۇرۇن، بۇ 7 سېرىكچىنى كاناداغا ئەكېلىشتە مۇھىم رول ئوينىغان مەرھۇمە گۈلباھار(باھارگۈل ئابلىز مۇھەممىدى) خانىم ۋە يولدىشى ئابلىمىت ئەپەندىلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. گۈلباھار خانىم ۋە ئابلىمىت ئەپەندىلەر 1997- ۋە 1998- يىللىرى ئەڭ دەسلەپتە كاناداغا تېخنىك كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەرھۇمە گۈلباھار خانىم ئەينى يىللاردا، ئاتالمىش شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى.(بەختكە قارشى مەرھۇمە گۈلباھار خانىم 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى كانادانىڭ ۋىنزور شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. 7 سېرىكچىنىڭ كاناداغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بۇ سۆيۈملۈك خانىمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .)

گۈلباھار خانىم 2004- يىلى ئۇيغۇر سىرىكچىلىگىنى كانادادا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايۇنلۇق سىرىك ئۆمىكىنىڭ 7 نەپەر سىرىكچىسىنى 2004- يىللىق خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىغا تەكلىپ بىلەن ئەكىلىش ئىشىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە شۇ يىلى 12- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاتالمىش ئاپتونوم رايۇنلۇق سىرىكچىلەر ئۆمىكىنىڭ 7 نەپەر سىرىكچىسى كانادانىڭ تورونتو شەھرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

كانادادا سىياسى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەمەت توختى قاتارلىق سىياسى ئاكتىپلارنىڭ كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بىر قاتار سىياسى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە بۇ 7 نەپەر سىرىكچىنىڭ كانادادا سىياسى پانالىق تىلەپ قېلىش ئىشى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ئەسلىدىكى 7 نەپەر سىرىكچى ھازىر 7 ئائىلىنى تەشكىل قىلىپ، پەرزەنتلىرى بىلەن قوشقاندا غوللۇق بىر كوللېكتىپقا ئايلاندى.

سىرىكچى ئايگۈل مەمەت كانادانىڭ داڭلىق تالانت سەھنىسى پروگراممىسىغا قاتنىشىپ زور شۆھرەت قازاندى ۋە بۇ پروگراممىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق تاماشىبىنى ئالدىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۇيغۇرلارنى كانادادا تونۇتۇشتا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

سىرىكچى ۋەلىنىڭ قىزى سۇمەييا كانادا ۋە ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ھازىر بۇ " 7 سىرىكچى" كوللېكتىۋى تورونتودىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئەت ئىشلىرىدىكى يارقىن بىر كوللېكتىپ بولۇپ تۇرماقتا.

تەييارلىغۇچى: سەھەر

# موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئىسلام دۇنياسىنى قوغداپ قالغان ئىككى ئۇيغۇر



## هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز



سۇلتان سەيپىددىن قۇتۇز (1260-1259)



سۇلتان رۇكنىددىن بايبارس (1277-1260)

ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپىرىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگەللىگەنلىكىنى كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار بىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز نۆۋىتىدە موڭغۇللار تاجاۋۇزىغا قارشى سەپلەردىمۇ تارىختا قالغۇدەك ئىشلارنى قىلغان ئىدى.

### سۇلتان سەيپىدىن قوتۇز

**1 . 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە خارەزمشاھلارنىڭ ھالاكىتى :**

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ۋاپاتى ۋە ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1124 - يىلى ھالاك بولغان قىتان خانلىقىنىڭ شاھزادىسى يوللۇغ تاشىن 1132 - يىلى قاراخانىلار تەۋەسىگە قېچىپ كەلدى. ئارقىدىن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ 1134 - يىلى شىمالىي ئىلىكخانىنى قەشقەرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، بالاساغۇندا قارا خىتاي خانلىقى ( 1134 - 1212) نى قۇرۇپ ، 1141 - يىلى 9 - سېنتەبىر سەمەرقەندكە يېقىن « قەتۋان چۆلى ئۇرۇشى » دا سالجۇقىلار ۋە قاراخانىلار بىرلەشمە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتۇۋالدى . گەرچە قەشقەردىكى چوڭ قاغان تارىم ۋادىسىدا ئۆز نوپۇزىنى داۋاملىق ساقلاپ

قالغان بولسمۇ ، ئەمما بەشبالىق ، ئىلى ، ئالتاي ، بالقاش بويى، ئىسسىقكۆل ، تالاس ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھر تەرەپتىكى سەلتەنىتىنى قارا خىتايلاردىن قايتا تارتىپ ئالالمىدى .

1212 - يىلى قاراختايلار نايمان خانى كۇچلۇك ۋە خارەزمشاھ قولىدا يوقىتىلىپ ، بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىككىسى بۆلۈشۈۋالغان . ئەمما كۇچلۇكنىڭ 5 يىللىق قاتتىق زۇلۇم ۋە قىرغىن سىياستى نەتىجىسىدە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان موڭغۇللار ھەم كۇچلۇكنى ۋە قۇدرەتلىك خارەزمشاھنى يوقىتىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخي يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

1221 - يىلى 25 - نويابىر ، چىڭگىزخان سىند دەرياسى بويىدا خارەزمشاھ جالالىددىننى مەغلۇپ قىلغان . سۇلتان جالالىددىن دەريادىن كېچىپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش تامام بولغان . بۇ قېتىمقى شىددەتلىك ئۇرۇش 55 سائەت داۋام قىلغان .

ئەسلىدە چىڭگىزخان كېلىشتىن بۇرۇنلا 1218 - يىلى ئۇنىڭ نويانلىرىدىن جەبە بىلەن سۇبۇتاي قوشۇن باشلاپ، ئەسلىدە شەرقىي قاراخانىلارغا تەۋە بولغان بارلىق جايلارنى نايمان خانزادىسى كۇچلۇكنىڭ زۇلۇمىدىن خالاس قىلغان . شۇ يىلى خارەزمشاھ ئەمەلدارىنىڭ قولىدا « جاسۇس » دەپ گۇمان قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن 400 دىن ئوشۇق كىشى چىڭگىزخاننى چىللاپ كەلگەن . يىراق موڭغۇل دالىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلگەن موڭغۇللارغا قارشى ھەربىي كېڭەشتە زور خاتالىق سادىر بولغان . شاھزادە جالالىددىن تەشەببۇس قىلغان بارلىق قوشۇن بىلەن موڭغۇللارنى ئەجەللىك بىر ھۇجۇم بىلەن تارمار قىلىش پىكرى رەت قىلىنىپ ، ھەممە ۋالىيلار ئۆز شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىش پىكرى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن . نەتىجىدە 400 مىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرى بولغان خارەزمشاھ ئارمىيىسى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ ، چىڭگىزخاننىڭ 1219 - يىلدىن 1221 - يىلغىچە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ ، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا تېگىش قىلغۇدەك شارائىتقا ئىگە قىلىپ قويغان . ئەمما يېڭى سۇلتان جالالىددىن تەن بەرمەي شۇ يىلى ھىندىستانغا قېچىشقا مەجبۇر بولغىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. ھەتتا نەچچە قېتىم موڭغۇللارنى ئېغىر مەغلۇپ قىلغان .

2 . جالالىددىننىڭ ئاناتولىيەگە چېكىنىشى ۋە ھالاكۇنىڭ ئاباسىيلارنى ھالاك قىلىشى :

جالالىددىن 1199 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ ، ئانا جەمەتى تۈركمەنلەرگە ، ئاتا جەمەتى قاراخانىلارغا تۇتىشاتتى . ئۇ يېڭىلگەندىن كېيىن 1221 - يىلى 25 - نويابىر چېكىنىپ ، بىر مەزگىل ھەربىي كۈچ توپلىغاچ ( چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ)، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئۆتمەي تۇرغان . چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ ( قىشتا سەمەرقەندتتە، يازدا تالىقاندا ) 1224 - يىلغىچە قۇمۇلدىن نىشاپۇرغىچە ، يىراق ئالتايدىن كەشمىرگىچە ، سىبىرىيەدىن ئۇرال تاغلىرىغىچە بولغان 8 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىپايان مەركىزي ئاسىيانى تولۇق تىزگىنلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئاسىيانى چوڭ ئوغلى جۇچى بىلەن ئىننىسى چاغاتاي خانلارغا بۆلۈپ بېرىپ ، موڭغۇلىيەگە قايتىپ كەتكەن. ئەمما ئۇ يەنە قايتا يۈرۈش قىلىپ ، 1227 - يىلى تاڭغۇت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان . تاڭغۇتلار ئىيۇلدا مۇنقەرز بولغان . داڭلىق چىڭگىزخانمۇ شۇ يىلى 17 - ئاۋغۇست تاڭغۇت ئالدىنقى سەپىدە ئۆلگەن . ئۇنىڭ ئۆلۈمى جالالىددىنغا غەيرەت ئاتا قىلغان .
1227 - 1229 - يىللىرى جالالىددىن ھازىرقى پاكىستان ، ئىران ۋە ئەزەربەيجاننى قولغا ئېلىپ ، توختىماي ئامۇ دەرياسى بويىغا تېگىش قىلىپ موڭغۇللارنى پاراكەندە قىلغان . 1229 - يىلى ئۆگەدەي خاقان بولۇپ ، زور قوشۇن ئەۋەتىپ ، ئۇنى ئەزەربەيجان ۋە كۇردىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان . جالالىددىن 1230 - يىلى ھازىرقى تۈركىيە( شەرقىي قىسمى ) ، ئىراقنىڭ شىمالى ۋە غەربىي ئىراندا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى كۈچلۈك دۆلەت بولغان ئاناتولىيە سالجۇقلار خانلىقى ۋە مىسىردىكى ئەييۇبىلار خانلىقىغا قورقۇنچ سالغان . نەتىجىدە ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان . ئەمما ئۇ ھەر ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ ، سالجۇقلار خانى ئالائىددىن كەيقۇبادنى « يەسسى چىمەن ئۇرۇشى » دا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، سالجۇقلار سەلتەنىتىنى يوق قىلاي دېگەندە ئۇرۇشنى يىراقتىن كۆزىتىپ ، تېخىچە تەرەپ تۇتماي تۇرغان ئەرتوغرۇل ( تىرىلىشتىكى سۇلتان ۋە ئەرتوغرۇل ) خارەزمشاھلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، سۇلتان ئالائىددىننى قۇتقۇزۇۋالغان . سۇلتان بۇ كاتتا خىزمىتىنىڭ

بەدىلىگە ئەرتوغرۇلنى شەرقىي رىم ( سۆگۈت) چېگرىسىدىكى مۇنبەت زېمىنغا بەگ قىلغان .

« يەسسى چىمەن ئۇرۇشى » دا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن جالالىددىن قوشۇنى قايتۇرۇپ كەتكەن . بەزى قوشۇنلىرى تارقاپ كەتكەن . ئۆزى ئەسكەرلەرنى ئارامغا قويۇپ بېرىپ ، ئازغىنا نۆكەرلىرى بىلەن كېڭەش قىلىۋاتقان پەيتتە سالجۇقىلار ۋە ئەييۇبىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن كۇردىستان قاراقچىلىرى تۇيۇقسىز باسقىن قىلىپ ، 1231 - يىلى 9 - ئۆكتەبىر سۇلتان جالالىددىننى تاغدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

سۇلتان ئالائىددىن بىلەن ئەييۇبىلارنىڭ بۇ تارىخىي خاتالىقى ئاخىرىدا موڭغۇللارنى چىللاپ كېلىپ دۆلەتلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغان . چۈنكى جالالىددىن موڭغۇللارغا قارشى تەجرىبىلىك سەركەردە ھەمدە شەرق ئىسلام دۇنياسىنى ئۇلاردىن قوغدىغۇچى چوڭ قالقان ۋە توساق ئىدى . ئالائىددىن 1237 - يىلى زەھەرلىنىپ ئۆلگەن . ئەييۇبىلارمۇ مىسىر ۋە سۇرىيە تەۋەلىرىدە پارچە - پارچە بەگلىكلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن.

ئۆگەدەيخان ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن زور قوشۇننى خىتايغا قارشى ئەۋەتىپ ، شىمالىي خىتاينى بېسىپ ياتقان جۇرجىت ئالتۇن خانلىقىنى يوقىتىپ ، 1236 - يىلى جىيەنى باتۇخاننى ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن . 1241 - يىلى ئۆگەدەي، 1242 - يىلى چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن ، كۈيۈكخان يەنە بىر جىيەنى ھىلاكۇنى زور قوشۇن بىلەن ئىسلام دۇنياسىنى ئىستىلا قىلىپ ، ئابباسىيلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن . موڭغۇل قوشۇنى 1242 - يىلىدىكى « كۆسەداغ ئۇرۇشى » دا سالجۇقىلارنى يېڭىپ قارام ئەل قىلىپ قويغان . سۇلتان غىياسىددىن ( ئالائىددىن كەيقۇباتنىڭ ئوغلى ) ئىستانبۇلغا قېچىپ كەتكەن .

ھىلاكۇخان ئاناتولىيەنى بېقىندى قىلىپ بولۇپلا يار - يۆلەكسىز قالغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. 1246 - يىلى باغدات سېپىلىنى قورشاپ تۇرغاندا ، قاغان سايلاش ئىشى تۈپەيلى موڭغۇلىيەگە قايتقان .

ئۆگەدەي ئورنىغا 1241 - يىلى تۇركىنا خاتۇن ( 1185 - 1246) بۈيۈك موڭغۇل قاغانلىقىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالغان بولۇپ ، ئۇ ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تاھىر ئۇسۇننىڭ قىزى بولۇپ ، ئاچىسى قۇلان چىڭگىزخانغا ياتلىق بولغان . تۇركىنا بېكە بولسا ئوغلى ئۆگەدەيخانغا ياتلىق بولغان . 1206 - يىلى ئوغلى كۈيۈكخان تۇغۇلغان . مەركىتلەر 1216 - يىلى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە ، چىڭگىزخان تاكى 1218 - يىلغىچە ئاران باستۇرۇپ ، مەركىت ئاقساقاللىرىدىن يەنە بىر كىشىنىڭ قىزى « ئوغۇل قايمىش » نى ئۆز نەۋرىسى كۈيۈكخانغا خاتۇن قىلىپ بەرگەن . 1241 - يىلى 11 - دېكابىر ئۆگەدەي قاغان قازا قىلغان . تۇركىنا خاتۇن 12 - دېكابىردىن تاكى 1246 - يىلى ئۆز ئوغلى كۈيۈكخان كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشكەنگە قەدەر ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، قۇرۇلتاينى تىزگىنلىۋالغان . ئۇ ئوغلىنى قاغان قىلىپ ، خاتىرجەم بولۇپ ، شۇ يىلى ۋاپات بولغان . ئەمما كۈيۈكخانمۇ بىر يېرىم يىل قاغان بولۇپلا ، نەۋرە ئاكىسى باتۇخانغا قارشى ئاتلىنىپ ، 1248 - يىلى يول ئۈستىدە ئالتايدا ئۆلگەن . خاتۇنى ئوغۇل قايمىشمۇ خۇددى قېيىن ئانىسى ۋە بىر يۇرتلۇقى تۇركىنا خاتۇننىڭ ماھارىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، بۈيۈك موڭغۇل قاغانلىقىنى 1251 - يىلغىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان . شۇ يىلى باتۇخان ئاخىرى قورال كۈچى بىلەن ھىلاكۇنىڭ ئاكىسى مۆڭكىخاننى قاغان قىلىپ سايلاپ ، ئوغۇل قايمىشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

مۆڭكىخاننى باتۇخان ئۆزى بىۋاستە سايلىغاچقا، ھىلاكۇخانمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر ئىدى. بولۇپمۇ باتۇخاننىڭ يېڭىلا مۇسۇلمان بولغان ئىنىسى بەركەخاننىڭ چەك تۇرۇشى بىلەن باتۇخان ھىلاكۇنىڭ ئابباسىيلارغا چېقىلىشىنى توسقان . نەتىجىدە ھىلاكۇ تاكى 1255 - يىلى باتۇخان ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىراق ۋە شامغا ھۇجۇم قىلالمىغان . باتۇخان قازا قىلغاندىن كېيىنلا ھىلاكۇ ئالدى بىلەن 1256 - يىلى 15 - دېكابىر ئالاموت قەلئەسىنى ۋەيران قىلىپ ، غەربىي ئاسىيادىكى 222 يىللىق قورقۇنچ ۋە پىتنىنىڭ ئۇۋىسىنى يوق قىلغان . ( سالجۇقىلار ۋە ئەييۇبىلارمۇ بۇ قەلئەنى ئالالمىغانىدى) ئاندىن يېڭى ئالتۇن ئوردا خانى بەركەخاننىڭ توسقىنىغا قارىماي 1258 - يىلى فېۋرالدا باغداتنى ئىشغال قىلىپ ، خەلىپىلىكنى يوقاتقان .

3 . سەيپىدىن قوتۇزنىڭ موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىپ ئىسلام دۇنياسىنى ساقلاپ قېلىشى :

مىلادى 1260 - يىلى 3 - سېنتەبىر ھىلاكۇخاننىڭ ئەڭ قابىل ۋە جەسۇر قوماندانى كىتبۇقا نويان مىسىر سۇلتانى قۇتۇز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن . كىتبۇقا نويان كېلىپ چىقىشى نايمان ئۇرۇقىدىن بولۇپ، بۇ ئۇرۇق ھازىرمۇ قازاقلار ئىچىدە شۇ نام بىلەن ئاتالماقتا . تۆۋەندىكى سۈرەت كىتبۇقا نويانىنىڭ قىزىلئوردا شەھىرىدىكى ھەيۋەتلىك ھەيكىلىدۇر . ئۇنى ئۆلتۈرگەن مىسىر سۇلتانى سەيپىدىن قوتۇز ئەسلىدە ئەڭ ئاخىرقى خارەزمشاھ جالالىددىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى سۇلتان ئالائىددىن مۇھەممەد قاراخانىلار مەلىكىسى تۈركان خاتۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ سەمەرقەنتتىكى قاراخانىلار سۇلتانى ئوسمان بۇغراخاننى 1212 - يىلى قەتلى قىلىپ، ئۆزىنى قاراخانىلارنىڭ ھەقىقىي تەخت ۋارىسى دەپ قارىغان . لېكىن ئۇ « قاراخان » دەپ ئاتالماستىن داۋاملىق خارەزمشاھ دەپ ئاتالغان . ئەمما ئۇ 1221 - 1224 - يىللاردىكى ئۇرۇشتا چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ، 1224 - يىلى ھازار دېڭىزىدىكى بىر يېگانە ئارالدا ئۆلۈپ كەتكەن. ۋەسىيىتى بويىچە چوڭ ئوغلى باتۇر جالالىددىن خارەزمشاھ بولغان. ئەمما كونا پايتەخت ئۈرگەنچتىكى قىپچاق خانلىرى تۈركمەن ۋە قاراخانىلار نەسلىدىن بولغان بۇ شاھزادىگە قەست قىلىپ، قىپچاق نەسلىدىن بولغان كىچىك شاھزادە ئۇزلاغنى خارەزمشاھ قىلماقچى بولغان. ئەمما ئۇزلاغ ئاكىسى جالالىددىنغا بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىپ، ئاكىسى بىلەن بىللە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ، ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. چىڭگىزخان 1227 - يىلى 17 - ئاۋغۇست تاڭغۇت يۈرۈشىدە قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆگەدەي قاغان بولغان. ئۇ ئاساسلىق ھەربىي كۈچىنى جۇرجىتلارنىڭ ئالتۇن خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. چوڭ جىيەنى باتۇخاننى ياۋروپانى ئىگىلەشكە، كىچىك جىيەنى ھىلاكۇخاننى قايتا تىرىلمەكچى بولغان قاراخان نەسىللىك خارەزمشاھ جالالىددىننى يوقىتىش ئۈچۈن خۇراسانغا ئەۋەتكەن. ھىلاكۇخان بىر قاتار غەلىبىلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق جالالىددىننى ئىران ئارقىلىق ئەزەربەيجانغا قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسىدىن يىراقلاشتۇرغان . جالالىددىن ھازىرقى قارا باغنى بازا قىلىپ، شۇ يەردىكى كۇردىستان رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى خوشنىسى بولغان ئاناتولىيە سالجۇق سۇلتانى ئالائىددىن كەيقۇبات بىلەن مىسىر ۋە سۈرىيەنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئەييۇبىلار بىرلىشىپ، ئۆزلىرىگە خەۋپلىك دەپ قارىغان جالالىددىنغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى زور دەرىجىدە ھالسىراتقان . نەتىجىدە بىر تۈركۈم كۇرد ئىسيانچىلىرى ئۇنى 1231 - يىلى 9 - ئۆكتەبىر قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، خارەزم شاھلار جەمەتىنى قۇللۇققا تۇتۇپ، ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىۋەتكەن . جالالىددىننىڭ سىڭلىسى بىلەن 1231 - يىلى 2 - نويابىر تۇغۇلغان ئوغلى سەيپىدىنمۇ ئايرىپ تاشلانغان. كېيىن سەيپىدىن خۇددى ھەزرىتى يۈسۈپكە ئوخشاش قولدىن - قولغا سېتىلىپ يۈرۈپ، مىسىرغا كېلىپ قالغان . ئۇ بۇ جايدا باتۇخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەرەبلەرگە سېتىلغان سۇلتان بايبارس قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق تەقدىرداشلىرى بىلەن جەم بولغان. مىسىر ھاكىمىيىتىمۇ 1250 - يىلدىن باشلاپ، خارەزم مەلىكىسى شەجەرىدۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن قاراخانىلار ۋە خارەزمشاھلار ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. شەجەرىدۇرنىڭ ئېرى ئايبەگ 1257 - يىلى ئۆلتۈرۈلۈپ ، قىسقا داۋالغۇشتىن كېيى سەيپىدىن سۇلتان بولغان .

ئاناتولىيە سالجۇقلىرى بىلەن ئەييۇبىلارنىڭ تاجاۋۇزچى موڭغۇللارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان جالالىددىننى يوقىتىشى ئاخىرىدا باشلىرىغا بالا بولىدۇ . مىلادى 1236 - يىلى ئۆگەدەي قاغان ئالتۇن خانلىقىنى يوقىتىپ، خىتاينى ئىشغال قىلىپلا، چوڭ جىيەنى باتۇخاننى ياۋروپانى تولۇق ئىشغال قىلىشقا، كىچىك جىيەنى ھىلاكۇخاننى ئىسلام دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ھىلاكۇخان 1236 - يىلى تەبرىزنى پايتەخت قىلىدۇ . تاغىسى چاغاتايخان ئىلى يايلاقلىرىنى ئۇنىڭ ئارقا سەپ بازىسى قىلىپ بېرىدۇ . ھىلاكۇ باغداتنى ئىگىلەشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىككى قانىتى بولغان ئاناتولىيە سالجۇقلىرى ۋە ئەييۇبىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . 1242 - يىلى كۆسەي تاغ ئۇرۇشىدا سالجۇق سۇلتانى غىياسىددىن كەيخۇسراۋ ( ئەرتۇغرۇلنىڭ شاھى) ھىلاكۇنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي سۈرىيەدىكى ئەييۇبىلارمۇ بېقىندىلىق بىلدۈرىدۇ . ھىلاكۇ نەچچە يىل ھەربىي تەييارلىق قىلىپ ، ئاتلىق قوشۇنىنى 300 مىڭغا يەتكۈزۈۋىدۇ . 1258 - يىلى باغداتنى ئېلىپ، بەش يۈز يىللىق ئابباسىلارنى يوقىتىدۇ . 1260 - يىلى يانۋاردا ئىككى ئاي ئىچىدىلا پۈتۈن

سۈرىيەنى ئىگىلەپ، مىسىرغا ھۇجۇم قىلاي دەپ تۇرغاندا ، قاغان مۆڭكۈخاننىڭ قازا قىلغان خەۋىرى كېلىدۇ . ھىلاكۇ قاغان سايلاش ئۈچۈن ئاساسلىق قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىپ، پەقەت 40 مىڭ ئەسكەرنى كىتبۇقا نويانغا تاپشۇرۇپ، دەمەشقتە قالدۇرىدۇ. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ، 1259 - يىلى 11 - نويابىر سۇلتان بولغان سەيپىدىن قۇتۇز ئەسكەر تارتىپ، كىتبۇقانى پەلەستىندە مەغلۇپ قىلىدۇ . ھىلاكۇ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقاي دەپ تۇرغىنىدا تاغىسىنىڭ ئوغلى، ئالتۇن ئوردا خانى بېركەخاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەبرىز خاراپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىلاكۇ مىسىرغا ئەسكەر تارتىشقا ئۈلگۈرمەي دەرت تارتىپ، 1265 - يىلى ئۆلىدۇ . بەركەخانمۇ ھىلاكۇنىڭ ئوغلى ئاباقاغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ، تىبلىسقا كەلگەندە 1266 - يىلى 22 - دېكابىر ۋاپات بولىدۇ .

1255 - يىلى ھىلاكۇخان قۇرۇپ چىققان ئىلخانىلار خانلىقىنى ، ئۇيغۇر سانغۇن ۋە قوماندان « ئەراتنا بەگ » 1335 - يىلى يوق قىلىپ، ئۆزى ئاناتولىيەدە « ئەراتنا ئۇيغۇر خانلىقى » نى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئوسمانىلارمۇ تاكى 1381 - يىلغىچە بۇ خانلىققا بېقىندى بولۇپ ياشايدۇ . ئوسمانىلارنىڭ 1365- يىلى پايتەختىنى سۆگۈتتىن ياۋروپا تەرەپتىكى ئەدىرنەگە كۆچۈرۈشىمۇ بەلكىم مۇشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك!

## سۇلتان رۇكنىددىن زاھىر بايبارس :

بايبارس 1223 - يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ تالاس ۋادىسىدا تۇغۇلغان خارەزم پۇقراسى بولۇپ ، موڭغۇللار تەرىپىدىن ئەسلىدىكى قاراخانىيلار زېمىنىدا 1220- يىللىرى ئۇرۇشلاردا ئەسىرگە ئېلىنىپ،مىلادى 1237- يىلى باتۇخان غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدا قىرىمدا رىملىقلارغا سېتىلغان.ئاندىن قولدىن قولغا سېتىلىپ يۈرۈپ،دەمەشقتىكى ئەييۇبىيلارغا سېتىلغان. ئاخىرىدا يەنە سېتىلىپ مىسىرغا كېلىپ قالغان. ئۇنىڭ ھەربىي تالانتىنى بايقاپ قالغان داڭلىق مىسىر مەملۇكىلار سۇلتانى سەيفىدىن قوتۇز (خارەزىمشاھ ئەۋلادى بولۇپ،ئۇمۇ تاغىسى جالالىددىن ھازىرقى كۇردىستاندا ئاناتولىيە سالجۇق شاھى ئالائىددىن كەيقۇبات ۋە ئەييۇبىلەرنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئەسىرگە چۈشۈپ،قولدىن قولغا سېتىلىپ يۈرۈپ،ئاخىرىدا مىسىرغا سۇلتان بولۇپ قالغان)بايبارسنى قوماندان قىلغان.بۇ ئىككى ئەزىمەت مىلادى 1260- يىلى ئەتىيازدا ھازىرقى سۈرىيەنى بويسۇندۇرۇپ، مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان سەر خىل موڭغۇل قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ،مىسىرنى قوغداپ قالغان. ئەسلىدە موڭغۇللارنىڭ 150مىڭ كىشىلىك سەر خىل قوشۇنى ھىلاكۇنىڭ قوماندانلىقىدا مىلادى 1258 - يىلى فېۋرالدا ئابباسىيلار (750/ 1258- يىللار)پايتەختى باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،داۋاملىق ئىلگىرىلەپ،مىلادى 1260- يىل بېشىدا دەمەشقنى ئىشغال قىلىپ ، سۈرىيەنى ئىگىلەپ،مىسىرغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ .بىراق دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھىلاكۇغا خاقان مۆڭكۈخاننىڭ ئۆلۈپ كەتكەن خەۋىرى كېلىدۇ.نەتىجىدە ھىلاكۇ چوڭ خاقان سايلاش ئىشىدا ئالتۇن ئوردا خانلىرى بولغان جۇچى ئەۋلاتلىرىغا ئۇتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن زور قوشۇننىڭ ئاساسلىق قىسمىنى قايتۇرۇپ موڭغۇلىيەگە قايتىدۇ.ئورنىغا مەشھۇر باتۇر سەركەردىسى ـ نايمان ئۇرۇقىدىن بولغان كىتبۇقا نوياننى 40مىڭ كىشىلىك تاللانغان قوشۇن بىلەن دەمەشقتە مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئاقىۋەت موڭغۇللار ۋە مەملۇكلار ھازىرقى پەلەستىندىكى«ئەينى جالۇت» دېگەن جايدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدۇ. گەرچە موڭغۇللار دەسلەپتە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ،ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ،بىراق ئۇرۇش سوزۇلغانسىرى، موڭغۇل ئاتلىرى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىغا ۋە جەڭگاھتىكى توزانلارغا چىدىماي،پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىپ،چېكىنىپ كېتىدۇ.ئۇلار شۇ چېكىنگىنىچە تاكى فىرات دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.مەملۇكىيلار سۈرىيەنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بايبارس 4 - ئۆكتەبىر ئۇرۇشتىن قايتىپ ، قايتىش يولىدا 22 - ئۆكتەبىر سەيپىدىن قوتۇزنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى سۇلتان بولىدۇ .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھىلاكۇ خاقان سايلاش ئىشىدىن قايتىپلا، ئۆچ ئېلىش ئۇرۇشىغا ھازىرلىنىدۇ. مەملۇكىيلارنى قايتا غەم باسىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى(1237 ـ 1502)نىڭ 2 - خانى بەركەخان ھۇلاكۇنىڭ ئابباسىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ،باغداتتىكى پۈتكۈل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يوقىتىۋەتكىنىگە قاتتىق نارازى ئىدى.(چۈنكى بەركە خان سابىق قاراخانىيلار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئۆگەي ئانىسى خارەزمشاھ مەلىكىسى رىسالەت خاتۇننىڭ تەربىيىسىدە ئىسلامغا مايىل بولۇپ ، شۇ يەردىكى بىر ئالىم قولىدا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ،ھۇلاكۇنىڭ قىلمىشى ئۇنى بەكلا غەزەپلەندۇرگەن).شۇڭا ئۇ مىلادى 1262ـ يىلى ئېتىل بويىدىكى يېڭى پايتەختىدىن قوشۇن باشلاپ،داغىستان ئارقىلىق كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھۇلاكۇنىڭ پايتەختى تەبرىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ھۇلاكۇنىڭ مىسىرغا يۈرۈش پىلانىنى يوققا چىقارغان.شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ھۇلاكۇ ئالتۇن ئوردىدىن مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان.ئۇ مىلادى 1265ـ يىلى چوڭ خاقان قۇبلايدىن رازىلىق ئېلىپ «ئىلخانىيلار خانلىقى(1265 ـ 1355)»نى قۇرۇپ،ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلگەن.ئۇنىڭ ئىلكىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى ئاناتولىيە سالجۇق خانلىقى(1096ـ 1308)(بۇ خانلىق 1242 ـ يىلدىكى كۆسەتاغ ئۇرۇشىدىن كېيىن ھۇلاكۇغا بېقىندى بولۇپ قالغان.1309ـ يىلى تولۇق قوشۇۋېلىنغان).

بايبارس 1260 - يىلى 11 - نويابىر جۈمە كۈنى ( ھىجرىيە 658 - يىلى قۇربان ھېيت ئېيىنىڭ 6 - كۈنى ، يەنى سەيپىدىن قوتۇز سۇلتان بولغان بىر يىل بۇرۇنقى 11 - نويابىر كۈنى ) مىسىردا خۇتبىدە نامى ئوقۇلۇپ سۇلتان بولغان . ئارقىدىنلا ئۇ ئابباسىيلار جەمەتىدىن ھايات قالغان « ئەھمەد مۇستەنسىر بىللا» نى تېپىپ كېلىپ 1261 - يىلدىن باشلاپ تاكى 1517 - يىلغىچە كېيىنكى ئابباسىيلار دەۋرىنى ياراتقان . 1517 - يىلى ياۋۇز سېلىم مىسىرنى ئالغاندىن كېيىن ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۇلتانى ۋە خەلىپىسى ئوسمانىلار بولۇپ قالغان. 1261 - يىلى ئىيۇندا يېڭى خەلىپە مىسىرغا كەلگەن . 1262 - يىلى 22 - نويابىر بايبارس باشلىق بارلىق مەملۇكىلار ( تۈرك قۇللار ) خەلىپىگە بەيئەت قىلغان .

ھۇلاكۇخاننىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇلتان بايبارس ئالتۇن ئوردا خانى بەركەخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن . بەركەخان ئۇنىڭغا ھۇلاكۇدىن ئالغان ھەممە جايلارنى بېرىشكە ۋەدە بەرگەن . ئىككى تەرەپ ھۇلاكۇغا جەنۇپ - شىمالدىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنى ئىككىنچىلەپ سۈرىيە ۋە مىسىرغا تاجاۋۇز قىلالماس قىلىۋەتكەن . ھۇلاكۇ 1265 - يىلى ، بەركەخان 1266 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۇلاكۇنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ ئىراقىچە چېكىندۈرۈپ ، ئاخىرقى ئىسلام دۇنياسىنى قوغداپ قالغان سۇلتان بايبارس موڭغۇل تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن تاكى مىلادى 1267 - يىلغىچە ئەھلى سەلىپ قوشۇنى بەرپا قىلغان ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ھەربىي قورغان - قەلئەلەرنى تولۇق قايتۇرۇۋېلىپ،ئىسلام دۇنياسىنى شەرقتە موڭغۇللاردىن،غەربتە ئەھلى سەلىپ ئىستىلاسىدىن قوغداپ 1277 - يىلى 2 - ماي ( ھىجرىيە 676 - يىلى مۇھەررەمنىڭ 27 - كۈنى پەيشەنبە ) ۋاپات بولۇپ ، دەمەشقتە شۇ يىلى ياساتقان « بايبارس كۇتۇپخانىسى » غا دەپنە قىلىنغان .

مەنبەلەر :


1 . موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى

2 . ئەلكامىل فىي تارىخ

3 . ئەلبىدايە ۋەن نىھايە

4 . ئىلخانىيلار ۋە سالجۇقىلار

5 . تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن يۈز مەشھۇر مۇسۇلمان

6 . ئۇيغۇر يىلنامىسى

7 . ئىلخانىيلار خانلىرى شەجەرىسى

8 . مەملۇكىلار دەۋرىدىكى مىسىر

9 . ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى

10 . تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز

# ئۈمىد ھەققىدە ھېكمەتلەر

ئۈمىدىڭنى ھەرگىز يوقاتما. (ھاياتتىكى بوران چاپقۇنلار) كىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. (روي.ت.بېنېت)
**“Never lose hope. Storms make people stronger and never last forever.”**
**Roy T. Bennett**
بىز مەلۇم دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، بىز چەكسىز ئۈمىدىمىزنى ھەرگىز يوقاتمايمىز. (مارتىن لۇتېر كىڭ)
**“We must accept finite disappointment, but never lose infinite hope.”**
**Martin Luther King Jr.**

قەلبىڭدىكى ئۈمىدنى كۆتۈرۈپ ماڭغىن. شۇندىلا، ھەرگىز يالغۇز ماڭمايسەن.(توم بودېت)
**“Walk on with hope in your heart, and you’ll never walk alone.”**
**Tom Bodett**

دۇنيادا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش ئۈمىد سەۋەبلىك قىلىنىدۇ.
**“Everything that is done in this world is done by hope.”**
**Martin Luther**
ئەگەر كىشىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئۈمىد بولسا، كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. (شانون.ك.بۇچېر)
**“A person can do incredible things if he or she has enough hope.”**
**Shannon K. Butcher**

ئۈمىدكە چىقىم كەتمەيدۇ.(كولېتى)

**“Hope costs nothing.”**
**Colette**

مەن ھەر بىر تىنىقىمدا ئۈمىدنى سۈمۈرىمەن. (شارون پېنمان)
**“I inhale hope with every breath I take.”**
**Sharon Kay Penman**
بىز خۇدادىن ئۈمىدىمىز ئاز چاغدا ئۇنى كۆپەيتىپ بېرىشنى، ئۈمىدىمىز مۆگدەپ قالغاندا ئۇنى ئويغۇتۇشنى، ئۈمىدىمىزدە تەۋرىنىش بولغاندا ئۇنى مۇستەھكەملەپ بېرىشنى، ئۈمىدىمىز ئاجىز چاغدا ئۇنى كۈچەيتىپ بېرىشنى، ئۈمىدىمىز بىتچىت قىلىنغاندا ئۇنى كۆكلىتىپ بېرىشنى تىلەيمىز.(جون كالۋىن)
**“We should ask God to increase our hope when it is small, awaken it when it is dormant, confirm it when it is wavering, strengthen it when it is weak, and raise it up when it is overthrown.”**
**John Calvin**
ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ پەرقى ئوخشاش ھېكايىنى پەرقلىق ئۇسۇلدا ئېيتىشتىن ئىبارەت.(ئالېين دى بوتون)
**“The difference between hope and despair is a different way of telling stories from the same facts.”**
**Alain de Botton**

ئۈمىد ئارزۇنى ئويغىتىدۇ.(ئارىستوتېل)

**“Hope is a waking dream.”**
**Aristotle**

سىزگە ھاياتنىڭ ئادالەتلىك ئەمەسلىكىنى ئېيتىش مېنىڭ خىزمىتىم بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغانلىقتىن، بۇنى دېيىشنىڭ ئورنىغا مەن سىزگە ئۈمىدنىڭ بىباھالىقىنى، ئۇنىڭدىن بەل قويۇۋەتمەسلىكىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىمەن. (س.ج.رەدۋاين)

**“It’s probably my job to tell you life isn’t fair, but I figure you already know that. So instead, I’ll tell you that hope is precious, and you’re right not to give up.”**

**C.J. Redwine**

ئۈمىد يوق يەردە ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز بىز ئۈچۈن مەجبۇرىيەتتۇر.(ئالبېرت كامۇس)

**“Where there is no hope, it is incumbent on us to invent it.”**

**Albert Camus**

ئۆزۈڭدە يوق نەرسىگە ئىشتىياش باغلاش ئارقىلىق ئۆزۈڭدە بار نەرسىلەرنى نابۇت قىلما. ھازىر ئىلىكىڭدە بار بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۆتمۈشتە سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما.(ئېپىكۇر)

**“Do not spoil what you have by desiring what you have not; remember that what you now have was once among the things you only hoped for.”**

**Epicurus**

ئۆتمۈش ئەمەلىي ئىش-ھادىسىلەردىن شەكىللەنگەن. مەن ئويلايمەنكى، كەلگۈسى پەقەتلا ئۈمىدتۇر.(ئىساك ماريىون)

**“The past is made out of facts… I guess the future is just hope.”**

**Isaac Marion**

ھەربىر پەيتنىڭ ئۆزىگە يارىشا خۇشاللىقى ۋە ئۆزىگە يارىشا ئۈمىدى بولىدۇ.

**“Every moment has its pleasures and its hope.”**

**Jane Austen**

بىر-بىرىنى تۇتۇشقان قوللاردا ئۈمىدنىڭ ئالامىتى بار. تۈگۈلگەن مۇشتا بولسا ھېچنېمە يوق.(ۋىكتور ھيۇگو)

**“In joined hands there is still some token of hope, in the clinched fist none.”**

**Victor Hugo**

ئۈمىدكە رۇخسەت بېرىلمىگۈچە كېتىپ قالمايدۇ.(رىك رىيوردان)

**“Hope does not leave without being given permission.”**

**Rick Riordan**

ئۈمىد ياخشى ناشتىلىق، ئەمما ناچار كەچلىك تاماقتۇر. (فرانسىس باكون)

**“Hope is a good breakfast, but it is a bad supper.”**

**Francis Bacon**

بىز ياخشى كۆرگىنىمىزدە ئەسلىدىكى ئۆزىمىزدىن ياخشىراق بولۇشقا تىرىشىمىز. ئەسلىدىكى ئۆزىمىزدىن ياخشى بولۇشقا تىرىشقىنىمىزدا، ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسە ياخشى بولىدۇ.(پاۋلو كوئېلخو)

**“When we love, we always strive to become better than we are. When we strive to become better than we are, everything around us becomes better too.”**

**Paulo Coelho**

ئۈمىد سىنى ياشىتىدۇ.(لاۋرىن ئولىيۋ)

**“Hope keeps you alive.”**

**Lauren Olive**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

## (2019-يىلى 11 – ئاينىڭ 22 – كۈنىدىن 12 – ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)

**22 – نويابىر:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئىنگلىزچە خەۋەر بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا گۆشى يېمەسلىكىگە خاتىمە بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئاسمىلاتسىيە قىلماقچى بولغان. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىكى ئاساسلىق چوشقا گۆشى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان.

**23 – نويابىر:**
پاۋل گوۋبېل «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋاقىت گېزىتى»دا «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى ئېزىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەكس سادا پەيدا قىلماقتا» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىدە «بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە خىتايغا قارشى كەيپىيات كۈچىيىپ، خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندا ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىكى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا» دېيىلگەن.

ئامېرىكا پرېزدېنتى دونالد ترامپ يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرېيىن **(Robert O’Brien)** دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننى لاگېرغا قامىۋالغانلىقىغا قارىتا سۈكۈتتە تۇرۇۋالغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە ئەسلىدە بۇ ھەقتە خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى **(1989** – يىلى) تيەنئەنمېن مەيدانىدا قىلغىنىدەك، خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك نامايىشنىمۇ قانلىق باستۇرماقچى بولسا، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان – چىقمايدىغانلىقىنى سورىدى.

**24 – نويابىر:**
دوكتور دېيۋىد ئوبرېيىن **(David O'Brien)** «ئېرلاندىيە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تور بېتىدە «خىتاي چوقۇم ئۇيغۇرلارغا قىلغان ياۋۇزلۇقىنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى كېرەك» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىدە «ئېرلاندىيە بېيجىڭنىڭ ئىقتىسادىي زەربىسىدىن قورقۇپلا، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك» دېيىلدى.
**25 – نويابىر:**
«ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ تور بېتىدە ئاننا فىفىيېلدىنىڭ «شى جىنپىڭ چوقۇم ھودۇقتى: خىتاي رەھبىرى ھەممە يەردە مالىمانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر ماقالىدە شى جىنپىڭنىڭ خوڭكوڭ، شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق بىر تالاي مەسىلىلەردە قاتمۇقات باش قېتىنچىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، بۇ ئەھۋاللارنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنى ھودۇقتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

**26 – نويابىر:**
ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى پومپېئو خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلاردىكى زۇلۇم – ستەملىرىگە ئالاقىدار ئاشكارىلانغان ئىچكى ھۆججەتلەر ھەققىدە «بۇ خىتاينىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) خورلاش قىلمىشلىرىنىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى» دېدى.

**27 – نويابىر:**
فىرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جېن ئىف لې درايېن (**Jean-Yves Le Drian**) خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى تاقاشقا چاقىرىق قىلدى.

**28 – نويابىر:**
«ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ تور بېتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئابونتى بار تېلېفون يۇمشاق دېتالى تىك توك (**TikTok**، 抖音) نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە يانتاياق بولۇۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى.

**3-دېكابىر:**
ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى **407** ئاۋازنىڭ قوللىشى، بىر ئاۋازنىڭ قارشى چىقىشىدەك مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» لايىھەسىنى ماقۇللىدى. بۇ دۇنيا خاراكتېرلىك زور ۋەقە ھېسابلاندى.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى لايىھەسىنى  ماقۇللىغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ھەرقايسى غوللۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى بەس - بەستە بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكانى قاتتىق ئەيىبلەپ، «ئامېرىكا بۇ سەۋەبلىك ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ» دەپ پوپوزا قىلدى.

خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا غالچىلىق قىلىپ، دىنىى، مىللەتنى ۋە ۋەتەننى سېتىش بەدىلىگە كىرىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەن خائىنلىرىدىن ئابدۇرېقىپ تۆمۈر نىياز (خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇرغان «ئىسلام ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇدىرى)، ئابدۇشكۇر رەھمىتۇللا (ئۈرۈمچى ئاق مەسجىدنىڭ ئىمامى)، شۆھرەت زاكىر (خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن قورچاق باشلىق) قاتارلىقلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنى پىتنە -ئىغۋا تارقىتىش بىلەن ئەيىبلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ۋەتەن خائىنلىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ، ئاللاھ بۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ئاۋازى بولغان يەر شارى ۋاقىت گېزىتى بايانات ئېلان قىلىپ، جازا لاگېرلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە گۇۋاھلىق توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، دەرىن بايېرىن بىلەن ئاندىرىئان زەنىسنى، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ جاسۇسى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى كۈلكە تېمىسىغا ئايلاندى. ئاندىرىئان زەنىس ئۆزىنىڭ تىۋىتتېر ھېساباتىدىكى ئىسمىنى 007 گە ئۆزگەرتىپ خىتايغا كىنايە قىلدى.

**4 - دېكابىر:**
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى تۇنجى قېتىم خىتاي ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى قىسقا بايانات ئېلان قىلىپ، بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان سىياسى ھۆججۈمى تېرورىزىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دېدى.

**5 – دېكابىر:**
ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى چاك راسلى، دۇنيا بانكىسىنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى»گە 50 مىليون دوللار قەرز بېرىش مەسىلىسىنى سۈرۈشتە قىلدى.

ژۇرنالىست ۋېرلېمان (CJ Werleman) «Byline Times» توربەتتە «خىتاي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا 2022 – يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلىش سالاھىيىتى بېرىلمەسلىكى كېرەك» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىدە «خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتى 1936 – يىلى ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتى بەرگەنلىكتىن ئىبارەت خاتالىقىدىن ساۋاق ئېلىشى كېرەك» دېيىلگەن.

**6 – دېكابىر:**
قازاقىستان سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئىككى نەپەر خىتاي پۇقراسى قازاقنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كانادانىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن بولغان ئىككى نەپەر پارلامېنت ئەزاسى كانادا ھۆكۈمىتىگە، ماگنىتسكى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، خوڭكوڭ ۋە شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرىنى جازالاش توغرىسىدا قانۇن تەكلىپ لايىھەسى سۇندى.

**7 – دېكابىر:**
يېقىندا، ۋاشىڭتوندىكى خەلقئارا تەكشۈرۈش ئاخباراتچىلىق ئىنستىتۇتى خىتاينىڭ لاگېرلار ھەققىدىكى 24 بەتلىك مەخپىي ھۆججىتىنى ئاشكارىلاپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىدى. بۇ مەخپىي ھۆججەت بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئاسىيە ئابدۇلئەھەد خانىم ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن دۇنيادا يەنە بىر زىلزىلە پەيدا بولدى.

**9 – دېكابىر:**
نيۇيورك ۋاقتى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى پائۇل مۇزۇر ئامېرىكا پۇخراسى فىرقەت جەۋدەتنىڭ غۇلجا شەھرىدىكى ئۆيىدە نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان ئاپىسى مىنەۋەر تۇرسۇن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاۋازلىق ھۆججىتىنى ئېلان قىلىپ زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

**10 – دېكابىر:**
خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ، ئەگەر خىتاي جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بەرگەن بولسا، پاكىت كۆرسىتىشى كېرەك دېدى. بۇ بايانات ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ «تەربىيەلەش مەركىزىدىكى كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈردى» دېگەن يالغانچىلىقىغا قارىتا ئېلان قىلىندى .

ياۋروپا ئىتتىپاقى ماگنىتسكى قانۇنىنى ماقۇللاپ، دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىرىنى جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار نامايىش قىلىپ، ب د ت دىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان.

**13 – دېكابىر:**
گېرمانىيەلىك داڭلىق پۇتبول چولپىنى مەسئۇت ئۆزىل، ئۆزىنىڭ فېيسبۇك، تىۋىتتېر ۋە ئىنىستاگرام قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتلىرىدا، ئۆزىنىڭ **70** مىليوندىن ئارتۇق مەستانىسى (تىۋىتتېر ۋە ئىنىستاگرامدا **20** مىليوندىن ئارتۇق، فېيسبوكتا **35** مىليون ئەتراپىدا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تەكرار ئابۇنىتلار خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن) غا: «بىز شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋازىمىزنى چىقىرىشىمىز كېرەك، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلار تەرپىدىن تاشلىنىپ قالدى» دەپ باياناتى ئېلان قىلدى. مەسئۇت ئۆزىلنىڭ يەقەت خىتايدىلا **10** مىليون خىتاي مەستانىسى بارلىقى مەلۇم.

**15 – دېكابىر:**
خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تاراتقۇسى بولغان مەركىزىي تېلېۋىزيە ئىستانسىسى **(CCTV)** مەسئۇت ئۆزىل تەۋە بولغان ئارسېنال كوماندىسىنىڭ ئەسلىدە تارقىتىش پىلانلانغان مۇسابىقىسىنى قويۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئارقىدىنلا خىتايدىكى تېگشۇن، دوڭچيۇدى دېگەندەك تور تاراتقۇلىرىمۇ **CCTV** نىڭ مەزكۇر قارارىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىلنى بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنداقلا خىتاينىڭ يەرشارى ۋاقىت گېزىتى قاتارلىق تاراتقۇلىرى مەسئۇت ئۆزىلنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى باياناتى ھەققىدە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خىتاي جامائەت پىكرىنى مەسئۇت ئۆزىلگە قارشى يېتەكلەشكە قاتتىق كۈچىدى. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلارنىڭ تەسىرىدە، كۆپلىگەن خىتاي توپ مەستانىلىرى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي مىللەتچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق خاھىشىنى ئاشكارىلاپ، گويا شەرقىي تۈركىستان ئەلمىساقتىن بېرى ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىدەك غەزەپلىنىپ، مەسئۇت ئۆزىلنىڭ رەسىملىرىنى، پۇتبول كىيىمىنى كۆيدۈردى، يىرتىپ دەسسىدى ۋە بۇلارنىڭ فىلىمغا ئېلىپ تورلاردا تارقىتىپ، مەسئۇت ئۆزىلگە قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك غەزەپ دولقۇنى قوزغىماقچى بولۇشتى.

**16 – دېكابىر:**
ھىندىنوزىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى مۇسۇلمان تەشكىلات سۈكۈتىنى بۇزۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىشقا چاقىردى.

**18-دېكابىر:**
ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ستراسبۇرگدىكى باش شتابىدا خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىغا بېرىلگەن «ساخاروف مۇكاپاتى» نى تارقىتىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھام دادىسىغا ۋاكالىتەن مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە سۆز قىلىپ دۇنيا جامائىتىنى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر پاجىئەلەرگە سۈكۈت قىلماسلىققا چاقىردى.

گېرمانىيەلىك تۈرك پۇتبول چولپىنى مەسئۇت ئۆزىل ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى سىياسىي باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەيىبلەپ، ئاشكارا باياناتى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئارسىنال

كوماندىسىنىڭ سابىق دىرېكتورى ئارسىن ۋان گىر، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايەت لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا قارقىي كەنتىدە، ئاتا – ئانىسى يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەكېتىلگەن بەش ياشلىق نەسرۇللاھ ئىسىملىك ئوغۇل بالىنىڭ جەستى مۇز تۇتقان ئۆستەڭدىن چىقىرىۋېلىنغان. دەلىللىنىشىچە، بۇ بالىنىڭ ئانىسى غۇلجىدىكى بىر تۈرمىدە، دادىسى بولسا لوپتىكى لاگېردا ئىكەن.

خىتاي تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننى «زىيارەت» قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ھەقىقىي ئەھۋالاتلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىغان ئالبانىيەلىك تەتقىقاتچى ئولسى يازىجى ئالبانىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئولسى يازىجى بۇنى خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئالبانىيەدىكى تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەتكەن بېسىمنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغان.

**19** – دېكابىر:
ياۋروپا پارلامېنتى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ھەققىدە قارارنامە ماقۇللاپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدا سادىر قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىردى .

**2020** - يىللىق ئامېرىكا پرېزدېنتلىق سايلىمى نامزاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كۆرسەتكەن دېموكراتلار پارتىيەسى كاندىداتلىرىنىڭ **6** - نۆۋەتلىك تېلېۋىزىيە مۇنازىرىسى **19** - دېكابىر كەچقۇرۇن ئامېرىكانىڭ لوس - ئانجېلىس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇنازىرە **PBS** تېلېۋىزىيەسى ئارقىلىق نەق مەيداندىن تارقىتىلدى.

ئوباما ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزدېنت بولغان جوۋ بايدىن مەزكۇر مۇنازىرە جەريانىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق خورلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا قامىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دېدى.

بۇ نۆۋەتلىك مۇنازىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسى كاندىداتلار تەرىپىدىن تىلغان ئېلىنىپلا قالماي، مۇنازىرە جەريانىدا كاندىداتلاردىن سورىلىدىغان تاشقى سىياسەتكە ئالاقىدار مۇھىم سوئاللار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.
**CNN** نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مۇنازىرە خىتاي، شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭ مەسىلىسىگە يۆتكەلگەندە **PBS** نىڭ بۇ ھەقتىكى نەق مەيدان ئاڭلىتىشى خىتايدا توققۇز مىنۇت ئەتراپىدا توختىتىپ قويۇلغان.

**20** – دېكابىر:
تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئىنسانى ياردەم تەشكىلاتى ھېسابلانغان ئىھاھا (**İHH**) تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، پەۋقۇلئاددە چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈلۈپ، خىتاينىڭ ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغانلىقى قاتتىق ئەيىبلەندى.

ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىمۇ خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىشلار ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشنى ئاناتولىيە ياشلار جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، تۈركىيە كادىرلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق كۆپ ساندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار قوللاپ -قۇۋۋەتلىدى. نامايىشقا **60** مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتناشقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**22- دېكابىر :**

**يېڭى زېللاندىيەلىك زەيتۇن توپ چولپىنى سانىي بىل ۋىلىيامىس قاتارلىقلىق ئۆزىلىنى ياقلاپ ئۇيغۇرلارنى قوللىدى. ئۇندىن باشقا بۇ ئايدا ئىسلام دۇنياسىدا نامى بار داڭلىق چولپان ماھىر زەين ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئاۋاز چىقاردى.مىسىرلىق مەشھۇر قارى مۇھەممەد جىبرىل، كۇۋەيت ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ تەپسىر ۋە ھەدىس پروففېسورى دوكتور ھاكىم مۇتەيرى (تۆتېردىلا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار)، مىسىرلىك سەلەپىي دەۋەتچى ۋە قارى مۇھەممەد ھەسسان، ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ياش دەۋەتچى مۇسلىھ ئۇليانى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان ئىسلام تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كۈچلۈك بايانات، ماقالە ۋە ۋىدىيولارنى ئېلان قىلدى. ئىسلام دۇنياسىدىكى يەرلىك ياكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شەخسلەر بەس-بەستە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، «خىتاي مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەكتە»، «خىتاي تېرورىست»، «ھەممىمىز ئۇيغۇر» دېگەندەك ھاشتەگلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باياناتلار تۋىتېردا قىزىق تېمىغا ئايلاندى.**

تەييارلىغۇچىلار :

**سەھەر**

**ھېكمەتيار ئىبراھىم،**

**ئەنۋەر قاراقۇرۇم**




## مەسئۇت ئۆزىل

ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئۇنۇتمىغان مەسئۇت ئۆزىل تۈركنىڭ ۋە مۇسۇلمانىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ بەردى.

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



بىز باشتىن كەچۈرۋاتقان ئىختىلاپلار ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلارنى بىزنىڭ ھالىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرمۇ باشتىن كەچۈرگەن . باشقا مىللەتلەر ھەل قىلالىغان مەسىلىلەرنى بىزمۇ ھەل قىلالايمىز. بارلىق كۈچ- قۇۋۋەت، ئەقىل -پاراسەت، ۋە بايلىق ئۆز ھۇجۇدىمىزدا. شەرقى تۈركىستاندا بايلىق ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئەڭ زور بايلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئادەملىرىمىز، ئۇيغۇرلاردۇر.